ئەختەم ئۆمەر

# تونجى ئاخشام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



2

www.uyghurkitap.com

ئەختەم ئۆمەر

# تۇنجى ئاخشام

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ پېيچىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنىسا ئاسىم

# تۇنجى ئاخشام

(ھېكايىلەر)

ئەختەم ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1992 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 6,150
ISBN 7—228—01949—0/I·656
باھاسى: 1.20 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# مۇندەرىجە


قېرى قىز ........................................ 1
دوستۇمنىڭ چۈشى ........................................ 14
تۆزكور ........................................ 24
تاڭ ئالدىدا ........................................ 29
چۈمبەللىك سەتەڭ ........................................ 33
ياسىمز ئوق ........................................ 41
تۇنجى ئاخشام ........................................ 47
تىرىلىش ........................................ 55
توغاچ ........................................ 64
تۈتەك ئارىسىدىكى ئاي ........................................ 67

ئۇيغۇر كىتاب تورىيبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قىرى قىز

بوش ۋاقتىمىزدا ئۇيان - بۇيانىنىڭ كېيىنى قىلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش مەھەللىمىزدىكى بىر توپ ياشلارنىڭ ئادىتى. پاراڭلىرىمىز بەزىدە ئورتاق كۈلكىگە، بەزىدە بەس - مۇنازىرىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەمما، بەس - مۇنازىرە رەنجىشىز ئۆتىدۇ. ھەممىمىز بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، خوي - پەيلىمىزنى ياخشى بىلىشىدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، رەنجىش، رەنجىتىشلەرگىمۇ ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيمىز - دە، كۈلكىدىنمۇ، بەس - مۇنازىرىدىنمۇ ئوخشاشلا ھوزۇرلىنىمىز.

ياشلار ئارىسىدا قانداق پاراڭلار بولمايدۇ دەيسىز. بەزىدە بىزگە تونۇش ئاشىق - مەشۇقلار توغرىسىدا پاراڭلاشساق، بەزىدە غەيۋەت قىلىشىمىز؛ گاھىدا پارىڭىمىز ئايالىدىن قورقىدىغان ئەر توغرىسىدا بولسا، گاھىدا كۆڭلىكى يامان ئەرنىڭ، قەھرى غەزەپلىك قىمارۋازنىڭ تاياق يەپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بىچارە ئايالى توغرىسىدا بولىدۇ.

ئارىمىزدا ئېقىم مەسىلىلىرىگە قىزىقىدىغان «سەۋيىلىك سۆزمەنلەردىنمۇ بىر نەچچىسى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋىلايىتىمىزدىن، بەزىلىرى ئۇرۇمچىدىن نېرىغا ئۆتمىگەن بولۇشىغا قارىماي، گەپنى مەھەللىمىزدىن باشلىسا، ئۇرۇمچىدىن، بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىن ئۆتۈپ، پارىژ، توكيو،

ۋاشىنگتونلاردىكى غەلىتە ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ كې-
تىدۇ. بەزىدە تېخى قايسىبىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى، پادىشاھى
خۇددى يېقىن تونۇشى، ھەتتا دوستىدەك، ئۇلارنىڭ سىر-
لىرى توغرىسىدىمۇ سۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى شۇنداق
پالۋانكى، ئېچىلدىمۇ بولدى، گەپ دېگەن نودىن چۇشۇ-
ۋاتقان سۇدەك شارقىراپ ئاققىلى تۇرىدۇ.

بۈگۈنمۇ بىر نەچچىمىز ئىشتىن چۇشۇپلا مەھەللىمىز-
نىڭ دوقمۇشىغا توپلىنىشىپ قالدۇق. يەنە ھەر قاچانقىسىدەك
دۇنيادىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار توغرىسىدا پاراڭغا
چۇشۇپ كەتتۇق. ئەلۋەتتە گەپ باشتا مەھەللىمىزدىكى كى-
شىلەر، ئىشلار توغرىسىدا، كېيىن چەت ئەللەردىكى كىشى-
لەر، ئىشلار توغرىسىدا بولدى. سۆزلەپ - سۆزلەپ ئاخىر
دەيدىغانغا گەپ قالمىغاندەك جىم بولۇپ قېلىشتۇق.

بۇ يازنىڭ ئۇزاق كۈنلىرى ئىدى. قۇياش تېخى
ئولتۇرمىغان، ئەمما ھاۋا سالقىن بولۇپ قالغانىدى. توسات-
تىن ۋېلىسىپىت مىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىزغا كۆزىمىز چۈش-
تى. ئۇنىڭ «سۇمرۇغ» ماركىلىق ئايالچە ۋېلىسىپىتىنىڭ ئار-
قىسىدا گېزىتكە ئورالغان گۆش بار ئىدى.

ئۇ قىزىل تار يوپكا، ئۇزۇن ئەت رەڭ پايپاق، كۆك
ۋە چاققانغىنە بەل پۈرمىلىك كاستۇم، ئىنچىكە پاشنىلىق
ئاق توپلەي كىيگەن، ئېگىز ۋە سېمىزرەك كەلگەن قىز
ئىدى. قاش، كۆز بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار، ئەلۋەتتە.
قاراڭ، مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن چېچىنى، ئۆزىنى ئەجەب
تۈزەيدۇ جۇمۇ بۇ قىز، بەش مېتر دائىرىنى ئەتىر پۇ-
رىتىپ ماڭىدۇ.

— قاراڭ، ما قېرى قىزنىڭ ھالىنى، شۇنچە ئۆزىنى

ياسىنىغا ياكى ئەر ئالىمدى ئۇنى، — دېدى ئۆچكە تۇم-
شۇق بىرەيلەن ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

شۇنىڭ بىلەن «سەۋىيلىك» سۆزەنلەرنىڭ ئاغزى
ئېچىلىپ كەتتى.

— بىر كىم ئالاي دېمىسە ئۆيىگە بېرىۋالارنىڭ ئورنى
بارمىدى؟ — دېدى دىمىشىدىراق گەپ قىلىدىغان ئاداش، —
ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگىلى يەتتە
يىل بولۇپ قالدى، قېنى ھېسابلاپ كۆرەيلى، — ئۇ كالتە،
دىققاق بارماقلىرىنى پۈكۈپ، قاپان بېشىنى تاتىلىغاچ ھېساب-
قا كىرىشىپ كەتتى، — مەسىلەن، ئۇنى ئىنستىتۇتنى پۈت-
تۈرگەن چاغدا يىگىرمە بەش ياشتا دېسەك، ئۇنىڭغا يەتتە
يىلنى قوشقاندا ھازىر گەپ يوق ئوتتۇز ئىككى ياش
دېگەن سۆز.

— گەپ يوق! مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە
قېرى قىز، — دېدى ئۆچكە تۇمشۇق يىگىت.

— يا ھەزرەت باللار، بىر ئايالنىڭ ئوتتۇز ئىككى
يىلغىچە ئەرگە تەگمەي قىز پېتى تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى
ئەمدى خۇدا ئۆزى بىلمىسە بەندە بىلەلمەيدۇ. بۇنىڭدا چو-
قۇم بىر سىر بار، - دېدى يەنە بىرەيلەن ھەممىزگە سىر-
لىق قاراپ قويۇپ.

— ناھايىتى ئەخمەق سۆزلەيدىكەنسىلەر باللار، ئۇنى
شۇنچە چىراي بىلەن ئەر ئالمامدۇ؟ ئالمىسا دەۋاتقىنىنى
تېخى، — دېدى سەپكۈن يۈز بىرى.

— ئەمسە ئەر ئالسا قېرى قىز بولۇپ ھازىرغىچە
ئولتۇراتتىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ساۋابى بولسا ساڭا بولسۇن،
گۇناھى بولسا ماڭا، خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىپ، سەن بىر

ئېلىپ قويىمامسەن؟ ئۇنىڭ مائاشى يۇقىرى دېيىشىدۇ. بەگدەك ياشايسەن.

بۇ سۆزگە ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. سەپكۈن يۈزمۇ زورغا ھېجىيىپ قويدى.

— ھەي باللار، سىلەر بىلمەيدىكەنسىلەر، بۇ يەر تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان ناھايىتى ياەان قېرى قىزمىش. كېچىسى ئۆيدىن كۈدۇ - گۈدۈك گەپ ئۇزۇلمەي، چىرىغى ئۆچمەيمىش. ئۇ دېگەن ئەرگە تەگمىگەن بىلەن كىم بىلەن كۆڭلى خۇش بولسا، شۇنىڭ بىلەن ... ھىم ... مائاشى يۇقىرى ئوبدان كۈتىدۇ، — دېدى دورداي كالپۇك بىرەيلەن تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ.

— شۇنداق بولسىمۇ زادى بىرەر كىم مۇشۇ ئايالغا لايىق بولۇپ چىقمىغاندىمۇ؟ — دېدى بۇ غەيۋەتنى باشلىغان ھېلىقى ئۆچكە تۇمشۇق ياقىسىنى چىشلەپ.

— لايىق بولۇپ چىققانلارمۇ بولدى، — دېدى يوغان كۆز بىرەيلەن، — بۇ قېرى قىز ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نېمىكەن، بىزنىڭ ھېلىقى يېڭىدىن سايلانغان ياش مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ خوتۇنى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، شۇ لايىق چىقىپ ئالاي دەپ كىشى قويسا ئۇنىڭ تەلىپىنى بىر مۇنچە شەرتلەر بىلەن رەت قىلىپتىمىش.

— راستىنلا ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ئەقىلسىزكەن، راسا ئوبدان يەردىن لايىق چىقىپتىكەن، ھاكىم ئالاي دېسە دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ جان بوۋىكام دەپ تەگمەي، قاراك ...

— ھەي خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق - تە، — دېدى. قاڭشار بۇرۇن بىرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — كىمنىڭ شۇن

www.uyghurkitap.com

داق بولۇۋالغۇسى بار ئاغىنىلەر؟ ئۇ بىچارە ئاشۇنداق ياسىنىپ يۈرگىنى بىلەن، دەردى يامانكەن. ئۇنىڭ دەردىگە مۇشۇ ئولتۇرغىنىمىزنىڭ ھېچ قايسىمىزنىڭ دەردى يامان بولمىغۇدەك دېگىلار، — ھەممىمىز بوينىمىزنى سوزۇشۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدۇق. قانشار بورۇن سۆزىنى داۋام ئەتتى: — ئۇ بىچارىنىڭ ئەركەك ئالۋاستىسى بار ئىكەن!

— نېمە، ئەركەك ئالۋاستىسى؟

گازىر كۆزىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، دەمىغىدا گەپ قىلىدىغان يىگىتنىڭ كۆزى ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتتى ...

— شۇنداق — دېدى قانشار بورۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەركەك ئالۋاستى ئۇنى ئۆز قەۋمىگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەرگە تېگەلمەيدۇ.

بۇنىڭ گېپىگە تېگىمىز سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشتۇق، بىر قىسمىمىز ئىشەندۇق. يەنە بىر قىسمىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇ ئارىدا سەپكۈن يۈز:

— ماڭاۋاي، نەدە مۇقامدا يوق گەپ بولسا سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقىدىكەن، ئالۋاستىنى سەن كۆرگەنمۇ؟ جىننى سەن كۆرگەنمۇ؟ بۇنداق گەپلەرگە ساڭا ئوخشاش سايسىگە چوقۇنىدىغان نان قېپلار ئىشىنىدۇ.

قانشار بورۇننىڭ تازا ئاچچىقى تۇتتى ۋە سەكرەپ تۇرۇپ:

— ئادەمنى نېمە ھاقارەتلەيسەن؟ — دەپ ھۆركىرىدى.

سەپكۈن يۈزمۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆركىرىدى.

ھىم، ئانا پىشتى، كۆرۈك ما تاماشىنى، ھېلى مۇشتلىشىدۇ ... ھەي، ھەي، گازىر كۆز بىلەن دورداي كالپۇك ئۇلارنى

توسۇپ قويدى ھەم گازىر كۆز بىر ئەقىل تاپقاندەك بول-
دى - دە، كۆرەڭلىك بىلەن ھەممىمىزگە قاراپ:

— ھەي بالىلار، — دېدى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ دېدۇق، قېرى قىزنىڭ ئۆيىگە بىر كىرىپ چىقمايمىزمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، مۇڭدىشىپ چىقايلى، شۇنداق قىلساق ئۇنىڭدىكى سىرنى بىلىشىمىزگە ئاسان بولىدۇ.

بۇ گەپكە كۆپلىرىمىز قوشۇلدۇق ۋە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قېرى قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدۇق. ئارىمىزدىن بىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىدىكەن، بىزنى شۇ باشلاپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ، قېرى قىزنىڭ ئۆيىگە نېمىدەپ كىرىمىز ۋە نېمىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتمۇ قىلىشىۋالدۇق.

بۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ، كىنومۇ باشلىنىپ بولغان چاغ ئىدى. بىز دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ، ئۇدۇل قېرى قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. دېرىزىگە پەردە تارتىلغانلىقتىن ئۆي ئىچىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممىمىز دېرىزە تۈۋىگە تىۋىشسىز كېلىپ، ئۆي ئىچىنى تىڭشىدۇق. ئاز جىملىقتىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن قېرى قىزنىڭ غەلىتە سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەنە ئالۋاستى بىلەن مۇڭدىشىۋاتىدۇ، — دېدى قاڭشار بۇرۇن.

— ياق، بەك تىڭشاڭلار، بىرى بىلەن غىدىقلىشىۋاتىدۇ...

— ... گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى سەزدىڭلارمۇ؟ ئاندى بىلەن پاخلان گۆشىدە مېھمان قىلىپ، ئاندىن... ھ... ھ...ھ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

بۇ سۆز بىلەن ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تۇتالماي، پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇئان ئۆي ئىچىدىن ھېلىقى غەلىتە ئاۋاز ئاڭلانماي قالدى ۋە ئىشىك تاراق قىلىپ ئېچىلىپ، قېرى قىز ئىشىكتە پەيدا بولدى. ھەممىمىز قېتىپلا تۇرۇپ قالدۇق.

— بۇ يەردە تۇرغىنىڭلار نېمىسى؟ قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار! — دېدى قېرى قىز كۈلۈمسىرەپ.

بىز تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدۇق، ئۇنچىقماي تۇرۇپ قېلىشتۇق. قايتىپ كېتىشكىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدۇق. ئۇ بىزنى قايتا - قايتا ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن خىجىللىق ئىچىدە بىر - بىرىمىزنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدۇق.

ھاي - ھاي، كۆرۈك ما كارامەتنى: ئىككى ئېغىز ئۆي چوڭ - كىچىك بوتۇلكىلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلارغا سۇ، قۇم، شور توپىلار قاچىلانغانىدى. دېرىزىنىڭ ئوك - سول تەرىپىدە لىق كىتاب قاچىلانغان جازىلار، دېرىزە ئۇدۇلىدا بىر كەنتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تېلېۋىزور ۋە بىر ئۈنئالغۇ تۇراتتى. ئىشىك كەينىدىكى بىر توك ئوچىقىغا كاستورۇلكا ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلەتتى.

ئۇ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. يۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە يوك ئەدىيال يېپىلىپ، يوتقان بىر بولۇڭغا چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان كارىۋاتنىڭ قىرىدا، ئورۇندۇقلاردا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق.

— مېنى يوقلاپ كىرگىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى قېرى قىز. بۇنداق قىزغىن مۇئامىلىدىن بىز تولىمۇ

خىجىل بولدۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قويۇشتۇق.

— تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىگە ساپلا بوتۇلكا بىلەن كىتاب ئاپتۇ بۇ خېنىم، قانداق دېگەن گەپ بۇ، ئۇلارنى كۆرۈپلا بېشىم قېيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى كارىۋاتتا، يېنىمدا ئولتۇرغان گازىر كۆز قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

— سىلەرنىڭ كىرىشىڭلارنى بىلگەن بولسام تۇزۇك رەك تاماق قىلىپ ئولتۇراركەنمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن ئازغىنە شورپا قىلغانىدىم، بۇ ئازلىق قىلىدۇ، گۆشنىڭ ھەممىسىنى سالاي، بەش مىنۇتتا پىشىدۇ، — دېدى قېرى قىز.

ھەممىمىز بايىقى غەيۋەتلىرىمىزنى بۇ قىز ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاۋاتقاندەك خۇدۇكسىنىپ ئولتۇراتتۇق ۋە گەپمۇ قىلالماي قالغاندۇق. ئارىمىزدىن جۇرئەتلىكرەك بىرى ئېغىز ئاچالىدى:

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، بىز شۇنداقلا، ئۆزىمىزچىلا كىردۇق.

بۇ قىزنى كۆپ كۆرگەن بولساممۇ، ئانچە سەپسېلىپ قارىمىغانىكەنمەن. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل قىز ئىدى. ئۇنى شۇنچە-گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان، ئاۋۋال قاش تېشىدەك سۈزۈك ئۆڭى، ئۇنىڭدىن قالسا جىنەستىدەك نېپىز لەۋلىرى ۋە قاپقارا، بولاقتەك كۆزلىرى ئۈستىدىكى ئىنچىكە قېشى ئىدى.

قىز توك ئوچىقىدىكى كورىغا گۆشلەرنى پارچىلاپ سالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئارىمىزدا كۆڭۈلسىز ۋە كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئازدىن كېيىن دورداي كالپۇك كېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، ئەستا، — دېدى بىزگە كۆز يۇمۇشلاپ قويۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ئەرزىمەيدۇ، — دېدى قېرى قىز كۆلۈپ تۇرۇپ ۋە گۆشنى پارچىلاپ قازانغا سالدى.

— بايا ... ھىم ئۆيىڭىزدىن ... — دەپ تـوختـاپ قالدى دورداي كالپۇك.

— بايا ئۆيىڭىزدىن غەلىتە ئاۋاز چىقىۋېدى دېمەك-چىمۇ سىز؟ — دېدى قېرى قىز دەرھال.

ئۇ نېمىدېگەن سەزگـۈر - ھـە! دورداي كـالپـۇك خىجىل بولدى بولغاي، ھىجايدى. قېرى قىز سـۆزىنى دا-ۋاملاشتۇردى، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئالما يۈزى سەل قىزار-غاندەك بولدى.

— ھەر كۈنى كـەچتە ئـىنىگلىز تىلى ئۆگىنىمـەن، باياتىنمۇ ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتىم، — بىـز ھـەممىمىز بىـر-بىرىمىزگە قارىشىپ قېتىپلا قالدۇق. ئۇ بىزگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن. — ئۆيۈم تارچىلىق بولۇپ قال-دى. ئەيىبلىمەسلىكىڭلارنى سورايمەن، — دېدى.

شۇ ئارىدا ئۆچكە تۇمشۇق ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىر ... بىر ئىشنى سورىسام كۆڭلىڭىزگە كېلەر-مۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سوراڭ، خاتىرجەم سـوراۋېرىڭ، مـەن ئـۇنداق ئاسان تېرىكىپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس، — دېدى قېرى قىز چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن.

— ھە ... ھىم، — ئۆچكە تۇمشۇق دۇدۇقلاپ، گې-لىنى قىرىشقا باشلىدى. شۇئـان سەپكۈن يـۈز ئـۇنىڭغا مەدەت بېرىپ نوقۇپ، ھومىيىپ قويـدى، — ھە ئـەمـسە سورىۋەتتىم: سىزنى جەمئىيەتتىكى بەزى كىشلەر...

— جەمئىيەتتىكى بەزى پىتنىخورلار مېنى ئەر ئـال-

ماس قېرى قىز دېيىشىدۇ. دېمەكچىمۇ سىز؟ شۇنداق، ئۇلارلا ئەمەس، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بەزى خېلى مەدەنىيەتلىك ياشلارمۇ شۇنداق دېيىشىدۇ، — ئەمدى قېرى قىزنىڭ چىرايى بىر خىل مەنىستىمەسلىك تۇسكە كىردى، — شۇنداق دېسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇلار نېمە دېسە دېيىشىۋەرسۇن، مەن راستتىنلا قېرى قىز. بۇ يىل ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىردىم، سىزنىڭ سورىماقچى بولغىنىڭىز شۇغۇ دەيمەن.

— هە - ئە ئە، — ئۆچكە تۇمشۇق ئۆگۈپ، زوۋانى تۇتۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. قېرى قىز سۆزىنى داۋام قىلدى:

— غايىلىك ئادەم هامان پەس ئارزۇ - هەۋەسلىك كىشىلەر تەرىپىدىن هۇجۇمغا ئۇچرايدۇ، قارىلىنىدۇ. پىتنە - پاساتقا قالىدۇ. بۇ هەممە يەردە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. مەن ياشاۋاتقان مۇهىت ماڭا قېرى قىز دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىشكە ئۈلگۈردى. هەر خىل ئىغۋالارنى توقۇدى. مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدىم. مەن ۋەتىنىمنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇشۇ يۇرتتا يەتتە يىل جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ باردىم. مۇشۇ تەتقىقاتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغۇچە توي قىلماسلىققا بەل باغلىغانمەن.

ئۇنىڭ هاياجاندىن ئاۋازى تىترەيتتى. هەر بىر سۆزىنى دانە - دانە قىلىپ ئېيتاتتى ۋە ئۇلار يۈرىكىمىزگە تاش ئاتقاندەك تېگەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن هەم غەزەپ هەم ئۆكۈنۈش بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە ئېيتقاندا، مەنمۇ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن قىزلاردەك ياشلىقىمدا ياخشى جۈپتىن بىرنى تېپىپ بەختلىك بولمىدىم. ئۆمرۈمنى بىهۇدە ئۆتكۈز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇم. بىراق مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. مەن ۋەتەن ئۈچۈن، خەلقىم ئۈچۈن ئازغىنە بولسىمۇ تۆھپە قوشسام، دېگەن غايە - ئارزۇ بىلەن ئوقۇغان. مەن ئەمدى شۇ غايەمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم كېرەك.

مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ جاي دەل غايەمنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ماكان ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ناچار، قۇۋۋەتسىز، مەھسۇلاتى تۆۋەن، قانداق قىلغاندا بۇ ناھىيىنىڭ تۇپرىقىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ... مەن كەلگەندىن بېرى شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندىم، ئىزدەندىم. شەخسىي تۇرمۇشۇمنى ئويلىغۇدەك بوش ۋاقتىم بولمىدى، ياخشى نىيىتىمنى باشقىلار چۈشەنمەي ھەر خىل ئەپقاچتى گەپلەرنى تېپىشتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق پىتنە - پاسات تېرىيدىغاندۇ دەپ غەزەپلەندىم. ئاخىر بۇ ناھىيىنىڭ تۇپرىقىنى ياخشىلاش ۋە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ غەيۋەتكە ئامراق ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولدۇم.

ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. بىزمۇ ئۈنچىقمىدۇق. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇ قانداق ياخشى نىيەتلىك قىز - ھە. بىز بولساق ئۇنىڭ توغرىسىدا قاملاشمىغان نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇق...

— مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئاتا - ئانام مېنى توي قىلىشقا قىستىدى، — دېدى ئۇ ئازدىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ماڭا لايىقمۇ تېپىپ قويغانىكەن. مەن چۈشەنمەيدىغان، سىرداشمىغان

بىر يىگىت. مەن قەتئىي رەت قىلدىم. كېيىن بۇ ئىش يەنە تەكرارلاندى. ئۇلار مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالماي باشقىلارنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلدى، ماقۇل جاۋابىنى بەردى. مەن يەنە رەت قىلدىم. ماڭا ياخشى، يامان سۆزلەرنى قىلىپ ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن چىداش قىيىن بولغان بېسىملارنى ئىشلەتتى. لېكىن مەن چىدىدىم. ھەتتا مېنى ئالداپ ئۆيگە ئاپىرىپ ئەركەك ئالۋاستىسى بار دەپ باغلاپ قويۇپ، ئاغزىمغا لاتا تىقىپ، باخشىلارغا ئوقۇتتى. پىرە ئويناتتى ... لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى مېنىڭ ئىرادەمنى قىلچە بوشىتالمىدى. ئاخىر ئاتا - ئانام مەندىن كەچتى. دانا ھازىر بەش يىل بولۇپ قالدى، ئاتا - ئانام بىلەن دىدارلاشمىدىم ...

ئۇ سۆزلەۋاتاتتى. بىر پىكاپ سىگنال بېرىپ ئىشىك تۈۋىدىلا توختىدى. قېرى قىز ھودۇقۇشىدىن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئىشىك ئېچىلىپ بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم ھەيدەر ئىدى. بىز ھودۇقۇشىمىزدىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق ۋە شۇمشىيىپلا تۇرۇپ قالدۇق. مۇئاۋىن ھاكىم ناھايىتىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆي ئىچىگە كىرىپ، بىزگە سەل ھەيران بولۇپ قاراپ، بىردەم تۇرۇپ قالغىنىدىن كېيىن:

— ئولتۇرۇڭلار ياشلار، ياخشىمۇ سىلەر؟ — دەپ ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلدى ۋە قېرى قىزغا بۇرۇلۇپ، — سىزنى تەبرىكلەيمەن مەلىكە! — دېدى.

قېرى قىز، ھە راست. ئىسمى مەلىكە ئىكەن، مەلىكەنىڭ يۈزلىرى توغاچتەك قىپقىزىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— قاراڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئامبىرى

ھاكىم قولىدىكى كۆك تاشلىق كىتابنى مەلىكەگە بەردى. مەلىكە كىتابنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆزىدىن مۇنچاقتەك ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ كىتابقا بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— ئاخىر نەشىردىن چىقىپتۇ - دە! بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ — دېدى مەلىكە.

ئۇ كىتابنى كۆرۈپ بېقىڭلار دېگەندەك قىلىپ بىزگە سۇندى. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا «تۇپراقشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە» دېگەن چوڭ خەتلەر بېسىلغانىدى.

— سىز يازغان كىتاب؟

ھەيران بولۇپ سوراشتۇق. ئۇ بېشىنى «ھەئە» مەنىسىدە لىڭشىتتى، ھاكىم مەلىكەگە يەنە بىر ۋاراق قەغەزنى سۇندى ۋە:

— ئەتىلا يولغا چىقىشىڭىز كېرەك، سىزنى ۋىلايەتتە ئېچىلىدىغان تۇپراق ئىلمى تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىپتۇ، لېكسىيە سۆزلەيدىكەنسىز. — دېدى.

شۇ ھامان مەلىكەنىڭ جىنەستىدەك لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن يەنە ياش تۆكۈلدى. مەنمۇ ئېمىشقىدۇر خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۇم. بىز قېرى قىز دەپ كەمسىتىپ، يامان گېپىنى قىلىپ يۈرىدىغان مەلىكە ھاياجاندىن «خۇش خەۋەر ئاڭلاۋاتقىنىم راستمۇ؟...» دەپ سوراۋاتقاندەك بىردە بىزگە، بىردە مۇئاۋىن ھاكىمغا خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ تىكىلەتتى.

1983 - يىل 13 - ئۆكتەبىر.

## دوستۇمنىڭ چۈشى

مېنىڭ بىر دوستۇم بار. ئاق كۆڭۈل، ناھايىتى خۇش چاقچاق يىگىت. ئىش ئورنىمۇ ياخشى، ئاتا - ئانىسىمۇ ھال-لىق كىشىلەردىن، قولىنى قەيەرگە ئۇزاتقۇسى كەلسە ئۇزىتالايدۇ. ئايالىمۇ كۆيۈمچان چوكان. پۈتۈن ئۆي ئىش-لىرىنى ئۆزى قىلىدۇ. دوستۇمغا ھېچ ئىش قىلغۇزمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنىمۇ كىر قىلغۇزمايدۇ. لېكىن دوستۇم شۇنداق ياخشى شارائىتتا ياشىسىمۇ كۆڭلى يېرىم يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈندە دېگۈدەك مەست يۈرى-دۇ. ئۇ دەردىنى ھاراقتىن ئالماقچى، كۆڭلىنىڭ يېرىملى-قىنى ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن تولدۇرماقچى بولۇپ شۇنداق قىلىدۇ.

مەنغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن. لېكىن باشقىلار ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ئۇنى «ھاراقكەش» دەپ يامان كۆرىدۇ، ئۇنى كۆر-سە يىرگىنىدۇ.

ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا: «ھاراق ئىچمە، ئىمانىڭ كۆ-يۈپ كېتىدۇ، ئۇ دۇنيادا دوزاخقا كىرىسەن...» دەپ نۇر-غۇن نەسىھەت قىلدى، تىللىدى، ئۇرۇشتى. «ئاتا - بالىلىق-تىن ۋاز كېچىمىز...» دەپ پوپۇزىمۇ قىلدى، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆيۈپ - پىشىپ دېگەن گەپ. سۆزلىرىمۇ دوستۇمغا كار قىلمىدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بېرىش - كېلىشنى توخ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاتتى. بۇ ھال دوستۇمنىڭ كىشلەر ئارىسىدىكى يوق بىلەن بارنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يوق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھاراقنى تېخىمۇ كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا قاۋاقخانىغا يۈگۈرىدىغان، ئۇ يەردىن قاش قارايغاندا دەلدەڭشىپ چىقىپ، كوچىغا پاتماي ئېگىز - پەس دەسسەپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى.

مەنمۇ دوستۇمغا «ھاراق ئىچمىگىن» دەپ كۆپ نەسىھەت قىلدىم. ئەمما، مېنىڭ سۆزلىرىممۇ ئۇنىڭ ئۇ قولىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ نەسىھەتلىرىمنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. تېخىمۇ قالاشمىغىنى ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ مېنى بىللە ھاراق ئىچىشكە زورلايدىغان بولۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئەلۋەتتە رەت قىلىمەن. لېكىن ئۇ مېنىڭدىن رەنجىپ قايناپلا كېتىدۇ.

— ئىست سېنىڭ ياشلىقىڭ ... سېنىڭ ياشلىقىڭدىن ئۆتۈكۈمنىڭ باشلىقى ياخشى. سەن قانداقسىگە يىگىت ئاتىلىپ يۈرىسەنكىنتاڭ، ھاراق ئىچمىگەن يىگىتمۇ ئادەم بولامدۇ؟

كېيىنچە دوستۇمنى رەنجىتمەسلىكنىڭ ياخشى ئامالىنى تاپتىم. ئۇ مېنى ئۇلىپەتچىلىككە زورلىسا، بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ بېرىپ قۇتۇلىدىغان بولدۇم.

ئۇ ئەمدى ئاخشاملىرى ئۆيۈمگە چالا مەست كىرىپ كېلىپ:

— بۈگۈن ماڭا ھاراق قويۇپ بەر ... قانداق قويۇپ بېرەلەمسەن ياكى خوتۇنۇڭدىن قورقامسەن؟ خوتۇنۇڭدىن قورقساڭ چىقىپ كېتىمەن، — دەيدىغان بولۇۋېدى.

مەن بۇ ئەھۋالغىمۇ چىدىدىم. خوتونۇمدىن قورقـ
مايدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويماقچىدەك ئۇ ئۆيىگە كەلسە
هاراق قويۇپ بېرىدىغان بولدۇم.
دوستۇمغا شۇنچە يول قويۇشىمدىمۇ بىر سەۋەب، بىر
ئوي بار ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى. سەۋەبى،
ئۇنىڭ هاراقكەش بولۇپ كېتىشىگە ئاتا ـ ئانىسى سەۋەبـ
چى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن ـ دە. يەنە بىر سەۋەب
شۇكى، ئادەملەر غەلىتە مىجەزلىك بولىدۇ. يامان ئىشنىڭ
خۇشتارلىرىنى ئۇنداق قىلما دەپ چەكلىگەنسېرى سېنىڭ بىلەن
ئۆچەكەشكەندەك، قىلما دېگەن ئىشقا شۇنچە چىڭ يېپىشـ
ۋالىدۇ. ئۇ ئىشنىڭ يامانلىقىنى تونۇپ تۇرسىمۇ ئىقرار
قىلمايدۇ. ئەركىگە قويۇپ بەرسەڭ بىر كۈنى تومشۇقىغا
يېگەندە ئۆزى توۋا قىلىدۇ، سەن نەسىھەت بىلەن قول
ئۈزدۈرەلمىگەن ئۇ يامان ئىشتىن ئۆزى قول ئۈزىدۇ.
ياكى بىراقلا يامان بولۇپ تۈگىشىدۇ.
بايا ئېيتقىنىمدەك، دوستۇمنىڭ هاراقكەش بولۇپ
قېلىشىغا ئاتا ـ ئانىسى سەۋەبچى ئىدى.
دوستۇم بىر قىزنى ياخشى كۆرەتتى. قىزنىڭمۇ دوسـ
تۇمغا مەيلى بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇن توققۇز ياشلىق
مەزگىللىرى ئىدى، ئۆزىنى بەكمۇ بەختلىك هېس قىلاتـ
تى. ئۇ هاراق ئىچمەك تۈگۈل ئۇنى پۇراپ بېقىشقىمۇ
توغرا كەلمىگەنىدى. قولۇم ـ قوشنىلىرى، دوست ـ ئاغىنىـ
لىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنى ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق
يىگىت بولدى، دەپ ماختىشاتتى. ئەمما كېيىن باشقىچە
ئىش يۈز بەردى. ئاتا ـ ئانىسى دوستۇمنىڭ ياخشى كۆرـ
گەن قىز بىلەن توي قىلىشىغا ئۇنىماي، ئۇ ياخشى كۆرـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەيدىنغان، ھەتتا تونۇسىمۇ ياخشى سىرداشمىغان بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئىش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگىنىدەك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دەردىنى ھاراقتىن چىقىرىدىغان يامان ئىشقا ئۆگىنىپ قالدى.

بۇ ئىشقىمۇ ئالتە، يەتتە يىل بولۇپ قالدى. دوستۇم شۇنىڭدىن بېرى كۆندە مەست يۈرۈپتۇ...

بۈگۈن كۆن قاياقتىن چىقتى، بىلمەيمەن. ئۇ ئۆيۈمگە ئۆيلىنىشتىن بۇرۇنقىدەك ساق ھالەتتە كىرىپ كەلدى. مەن ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭدىن ھاراق پۇرىقى كەلمەيتتى. ئەمما ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. كۆرۈنۈشىمۇ مەيۈس، كۆڭۈلسىز. شىم ـ چاپانلىرى قۇسۇق داغلىرى تۇپەيلى ئالىچىپار بولۇپ كۆرۈنەتتى. بىر كۆرۈشمىگىلى ھەپتىدەك بولۇپ قالغانىدى، نېمىشقىدۇر كۆڭۈلسىزغىنە تىنچ ئامانلىق سوراشتۇق. ئۇ قانداقتۇر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقتىمۇ ـ يە؟ دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن كەچتى. مەن:

— ئىچەمسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇ تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن.

— ياق، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

مەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ قاراپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭدىن «ھاراق ئىچمەيمەن» دېگەن گەپنى تۇنجى نۆۋەت ئاڭلاۋاتاتتىم. ئۇنىڭ خاپىلىق يېغىپ تۇرغان چوڭقۇر، قىزىل جىيەك كۆزلىرىگە قاراپ، «نېمە ئۇچۇن؟» دەپ سورىشىمنىڭ ئەپسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە، تىلىمنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان گېپىمنى بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتتىم. ئۆي ئىچىنى زېرىكىشلىك ئېغىر جىمجىتلىق قاپ-

لىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ كەينى ـ كەينىدىن تۇتاشتۇرۇپ،
ئىككى ئورام تاماكا چېكىپمۇ ئۈلگۈردى.
— ھاراق دېگەن ئادەمنى شەرمەندە قىلىدىغان نەرسە
ئىكەنغۇ، — دېدى دوستۇم ئېغىر خورسىنغان ھالدا ئارى-
دىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ
كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە:
— ئەزەلدىن شۇنداق ئىدى. بىراق، سەن نەسىھەت
ئاڭلىمىدىڭ ـ دە، — دېدىم.
— ئاخىر ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ ئالقاني-
رى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ، — چىرايلىق نەسىھەتنى
ئاڭلىماي ئاخىر شەرمەندە بولدۇم.
ئۇ جىمىدە بولۇپ كەتتى. بىر تال تاماكا ئوراپ
چەكتى. ئۇ مەن بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن قانداقتۇر بىر يېڭى
ئىشنى سۆزلەپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى. مەن كۈتۈپ جىم
ئولتۇردۇم. ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى. ئەمما ئاۋازى ھەسرەت-
لىك ئاڭلاندى. ئۆزى نېمىدىندۇر ئۇيالغاندەك بېشىنى
يەردىن كۆتۈرمەيتتى.
— سەن بىلىسەن، مەن بۇرۇن ھاراق ئىچمەيتتىم.
قاچان توي قىلدىم، شۇنىڭدىن كېيىن ھاراق ئىچىدىغان
بولدۇم. بۇنىڭ سەۋەبىنى سەنمۇ بىلىسەن. شۇنىڭدىن بۇيان
دەرد ـ ھەسرىتىمنى مانا شۇ ھاراقتىن چىقىرىپ كەلگەنى-
دىم. خوتۇنۇمنىمۇ ماڭا تەگكىنىگە تويغۇزۇۋەتتىم. شۇنداق
بولسىمۇ ئۇ زارلىمىدى، ئۇ يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدۇ.
مەن ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانسېرى ئۇ ماڭا شۇنچە مېھرى-
بان، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش، ماڭا شۇنچە كۆيۈنىدۇ. مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيگە ھاراق ئىچىپ كىرىپ كەلسەم ئۇ پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ. چاي ئىچۈرىدۇ. كىيىملىرىمنى تازىلايدۇ... ھاراق ئىچىپ سىرتقا چىقىپ كەتسەم ئۇ غېمىمنى يەپ مەن كىرگۈچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن مېھرىنىسا دېگەن ئىسمىغا ئوخشاش مېھرى ناھايىتى ئىسسىق چوكان. بۇنى پەقەت ھازىرلا ھېس قىلىۋاتىمەن.

مەن بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى دوقمۇشتىكى ھاراق دۇكىنىدا ھاراق ئىچىپ يېتىپ قاپتىمەن. ھېچ ۋاقىتتا ھاراق ئىچىپ يېتىپ قالمىغانىدىم. سەنمۇ بىلىسەن. ھەممە يەردە تەكشى يۈرەتتىم، لېكىن شۇ كۈنى يېتىپ قاپتىمەن. قانداقلارچە تالادا يېتىپ قالدىم، نېمە ئىشلار بولدى، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. يېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ھاراق دۇكىنىدىن چىقىپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپتىمەن. بىر يەردە كېتىپ بارسام، ئايالىم مېھرىنىسا ئەچەكتىكى بالىمىزنى كۆتۈرۈپ، مېنى ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ جۇدۇنۇم تۇتۇپ ئۇرغىلى يۈگۈرۈپتىمەن. بىراق كوچىدىكى كىشىلەر مېنى توسۇۋاپتۇ. مەن ئاغزىمنى بۇزۇپ ناھايىتى سەت گەپلەرنى قىلىپ تىللاپتىمەن. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ، ئۆيگە كېتىشكە زورلاپ، مېنى يۆلەپ قولتۇقلىۋاپتۇ. بىراق مەن ئۇنى سىلكىنىشلەپ يىقىتىۋېتىپتىمەن. ئۇ شۇئان قاتتىق يولغا دۈم يىقىلىپتۇ. قۇچىقىدىكى بوۋاق قاتتىق قىقىراپ يىغلاپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن قان ئېقىۋاتقۇدەك. ئەتراپقا ئولىشىۋالغان كىشىلەر غەزەپلىنىپ، مېنى ئەيىبلىگۈدەك. بىر ئايال: «ئىسىت بىچارە مېھرىنىسا، شۇنداق

شاللاق هاراقكەشنىڭ نەرىنى شۇنچە ئارزۇلايدىغانسەن؟ كاشكى ئۇ سېنى ياخشى كۆرسە قانچە قىلاتتىڭكىن، ئاجرىشىپ كەت. بۇ ئەردىن ئۆمۈر بويى ياخشىلىق كۆرەلمەيسەن» دەۋاتقۇدەك. مەن بىر ئالىيىپ قويۇپ، پەرۋاسىز هالدا كېتىپ قاپتىمەن. بىر كوچىغا كەلسەم بىر توپ كىشىلەر هازا ئېچىشىپ، جىنازا كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانىكەن. جىنازا كەينىدىكى ئۇزۇن سەپنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ ئاياللار ئۇزۇن ئاق رومال سېلىشىپ، يىغلىشىپ كېلىۋاتقۇدەك، مەن ئۇلار ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە هاڭقىيىپ قاراپ تۇرۇپتىمەن. سەپنىڭ ئاخىرىسىدا بېشىغا ئاق رومال سالغان، بېلىگە ئاق باغلىغان چىرايلىققىنا كەلگەن ئاق پىشماق بىر چوكان: «ۋاي قېرىندىشىم، ۋاي جان قېرىندىشىم» دەپ قار - يامغۇر يىغلاپ كېتىۋاتقانىكەن. مەن شۇئان يۈگۈرۈپ بېرىپ، چوكاننىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ «ۋاي قېرىندىشىم، جان قېرىندىشىم» دەپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. بىزدە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆلۈپ كەتسە يېقىن قېرىنداشلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىدىغان ئادەت بولغىنى ئۈچۈن ئۇ چوكان تۇغقانلىرىمىزدىن بىرى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، كۆزىنىمۇ ئاچماستىن ماڭا چىڭ يېپىشىپ تېخىمۇ هەسرەت بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ. لېكىن كېيىن ئۇ چوكاننىڭ بويىنىغا ۋە مەڭزىگە سۆيۈپتىمەن. هەي هەقىقەتەن شەرمەندە ئىش قىلىپتىمەن. هازىر ئويلىساممۇ، نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتمەن، — دەپ بىر پەس جىم بولدى دوستۇم ۋە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ هېلىمۇ خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈشكىمۇ شۇنچە قىلىپ كېتەمدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا چوكان: «ۋايجان، ما ئوغرى مەستكەن، ۋاي
مېنى قويۇۋەت!» دەپ توۋلىماسمۇ، يىغلىشىپ كېتىپ بارغان
بىر قانچە ئەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى چوكاندىن ئاجراتـ
تى. يۈزۈمگە «چاك - چۇك» قىلىپ تېگىۋاتقان تەستەك،
مۇشت بىلەن تېپىك مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى. قارىسام مەن
كوچىدا، بىر توپ كىشىلەر مېنى قارغاپ - تىللاپ ئۇرۇ-
شۇۋاتىدۇ. قانداق سەتچىلىك بولغىنىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم،
نومۇستىن ئۆلەيلا دېدىم، چىقىپ كېتىشكە ئاسمان يىراق،
كىرىپ كېتىشكە يەر قاتتىقلىق قىلدى...

بۇ غەلىتە ئىش ماڭا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. مەن
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. دوستۇم تېخىمۇ ئىزا تارتتى بول-
غاي، جىممىدە بولۇۋالدى ۋە يەنە تاماكا ئوراشقا باشلىدى.
ئۇ كۆزىنى ئۆزى بېسىپ ئولتۇرغان كۆرپىگە تىكىپ ئول-
تۇراتتى. مەن كۈلۈپ ياخشى ئىش قىلمىغىنىمنى چۈشەنـ
دىم — ئۇ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى
مۇمكىنغۇ، دېگەن ئوي خىيالىمدىن كەچتى. ئۇنى خىجالەتـ
چىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سورىدىم:

— شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى؟

— نېمە بولاتتى. ئۇر - ئۇرغا قالغان ئىتتەك، ئۆيـ
گە بەدەر تىكىۋەتتىم. ئىشكىنى ئايالىم ئېچىپ بەردى، نو-
مۇستىن ئۇنىڭغىمۇ تىكىلىپ قارىيالمىدىم. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا
تۈگۈلۈپ ياتتىم. بىر چاغدا ئايالىم ناشتا قىلىۋالسىلا دەپ
چاقىردى. مىڭ تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم، قارىسام ئايالىم-
نىڭ پېشانىسى تېڭىقلىق تۇرىدۇ. «پېشانەڭنى تېڭىۋاپسەنغۇ،
نېمە بولدى؟» دەپ سورىسام كەپمۇ قىلماي ئالىيىپ قاراپ،
ئاچچىقسۇ گۈپۈلدەپ ئۆرۈپ تۇرغان بىر چىنە سەي شور-

پىسنى ئالدىمغا، جوزا ئۇستىگە تاققىدە قىلىپ قويۇپ قويدى.
ئۇ ماڭا ھىچقاچان بۇنداق قوپاللىق قىلىپ باقمىغانىدى. ئاچچىقىم كەلدىيۇ، ئەتىگەنكى سەتچىلىك تۈپەيلى كەپ قىلالمىدىم.

ھاراقكەشلەر بولۇپمۇ ناشتىدا لازا ئاچچىقسۇسى تىتىپ كەلگەن سەي شورپىسى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئايالىم ئاللىقاچاندىن بىرى بىلەتتى. ئۇ ھازىرمۇ شۇنداق ياخشى سەي شورپىسى قىلغانىدى. ئۇنىڭغا نان چىلاپ يەپ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەنكى شەرمەندىچىلىكنى يەنە كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. چۈشۈمدە ئايالىمنى ئۇرغانلىقىمنىمۇ غۇۋا ئەسلىدىم. بىردىن ئېرىنسانىڭ ئېنىقدىن ئىككى قەدەم نېرىدا مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشكەنلىكىمغا ئىشەندىم. بۇ ھال ماڭا ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك تۇيۇلدى - دە، ئولتۇرالماي قالدىم. ئۆلگۈدەك نومۇس قىلدىم ۋە دەرھال بىرىپ يوتقاننى پۈركەپ يېتىۋالدىم.

شۇ ياتقانچە تۆت — كېچە - كۈندۈز بوسۇغىدىن قەدەم ئالمىدىم. ئويلىسام — مەن شۇنچىلىك شەرمەندە بوپتىمەنكى، كوچىغا چىققۇدەك يۈزۈممۇ قالماپتۇ ... ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتىم، خىجىل بولاتتىم. بىئارام بولاتتىم. ئۆزۈم بايا ئېنىق ئۇ شەرمەندىچىلىكىمگە ئۇچىنىڭ ئۇزۇلگۈدەك كۈلدۈق. مەن ئۆيدىن چىقالمىغان كۈنلەردە ئېنىق شەرمەندىچىلىكىمنى كۆرگەن، ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ يۈرگەن، ئاڭلىغان قانچە - قانچە ئەمك كىشىلەر مېنى ساڭا ئوخشاش زاڭلىق قىلىپ كۈلگەندۇ؟ مەن ئەمدى كىشىلەر-

گە قايسى يۈزلۈم بىلەن قارايمەن؟ ... سەن ئېيتىپ باقە، مېنىڭكىدەك بۇنداق شەرمەندىچىلىك بۇرۇنمۇ يۈز بەرگەن بولغىيمىدى؟ ... ياق، باشقا جايدا بۇنداق شەرمەندىچىلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دوستۇم ... شۇنداق ئازابلىنىپ ئويلاپ ئۆيدە تۆت كۈن قىمىرلىماي ياتتىم. نومۇستىن ئۆلەيلا دېدىم. نومۇس كۈچى مېنى پاچاق - پاچاق قىلىپ تاشلىدى. ئاخىر هاراق ئىچمەسلىككە قەسەم ئىچتىم.

مەن ئەسلى ياخشى كۆرگەن قىزىم بىلەن توي قىلالمىدىم دەپ هەسرەتلىنىپ هاراق ئىچكەن. دەردىمنى هاراقتىن ئېلىپ يۈرگەنىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، چوڭ خاتا قىپتىمەن. مېھرىنىسانىڭ مەن ياخشى كۆرگەن ئۇ قىزدىن نەرى كەم؟ ئۇ مېنىڭ شۇنچە ئازابلىرىمنى كۆتۈردى. ئۇرسامۇ غىڭ قىلىپ قويمىدى، مەست بولۇپ قىلىپ ئۆيگە كىرمەي كوچىدا قاڭقىراپ يۈرسەم ئۇ مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولدى. ئۇ مېنى شۇنچە ئەقىدە بىلەن ياخشى كۆرسە، مەن نېمىشقا ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن؟...

دوستۇم قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيساڭ چىپپىدە توختىغاندەك ئېچىنىپ تۇرۇپ سۆزلەۋېتىپ بىردىن جىم بولۇپ قالدى - دە، هەسرەتلىك تىنىپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا ئېچىنىش هەم ھېسداشلىق نەزەرىدە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

1984 - يىلى 20 - ئاپرېل، مەكىت.

## تۈزكور

— بىلىپ قالسىلىكى، بىز سەھرالىقلار سىلەردەك ئەزىز مېھمانلارنى ئۇنىمساڭلارمۇ ئۆيگە بىر باشلىماي ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمىز. ھى...ھى...ھى...— مۆدىرنىڭ كۆزلىرى كۈلكىدىن يۇمۇلۇپ كەتتى. ئۇ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، قىزىلمۇچتەك ئىلمەك بۇرنىنى بىر سۈرتىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— قارىسىلا، ئۆيگە چىقماسىمىكىن دەپ بىزنىڭ مېھرىئايمۇ دومسىيىۋالدى. ھا...ھا...ھا...

مۆدىر چىرايلىق ئاق پىشماق قىزىنى كۆرسىتىپ قويدى. سېرىق گاز ياغلىقىنى بوينىغا سېلىۋالغان قىرىق - قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى سېمىز ئايال مېھرىئاينىڭ مەڭزىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— دادىڭىزنىڭ گېپى راستمۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە راست بولمايچۇ؟ شۇنچە يىراق يەردىن ئارتىسلىقتا ئوقۇغۇچى تاللايمىز دەپ كېلىپ جاپا چېكىۋاتىسلەر - دە،— دېدى مېھرىئاي. ئۇ ئەركىلەپ ئايالنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتى.

— خانىم، مەن ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن ئايدا يۈز كوي يېتەرمۇ؟— سورىدى مېھرىئاي.

ياندا ئولتۇرغان ئىككى مۇئەللىم ئۆزئارا كۆز بېقىشىۋېلىپ مىيىقىدا كۈلۈشۈپ قويدى. مېھرىئاي خانىم دەپ ئاتىغان ئايال بولسا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي باشقا گەپكە چۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى www.uyghurkitap.com

— تاللىغان باللار قانچە بولدىكىن؟ — سورىدى مۇدىر ھېلىقى ئىككى مۇئەللىمگە تاماكا تۇتۇۋېتىپ.

— ھازىرچە ئون بىرنى تاللىدۇق. ئەمما رەسمىي قوبۇل قىلىدىغىنىمىز بىر — دەپ جاۋاب بەردى بىر مۇئەللىم. مۇدىرنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىن تەشۋىش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

شۇ ئارىدا تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى. ئۇ پاكار، دوغىلاق كەلگەن، ئاق يۈزىنى ساقال باسقان ئادەم ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋۇي سا مۇدىرەۇ بۇ يەردىكەنغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— كەلسىلە ما جىڭلى...

ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ما جىڭلىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. پەقەت سا مۇدىرلا ئورنىدا ئولتۇرۇپ سەل مىدىرلاپ قويدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرسىمۇ، چىرايى بايىقىدىن باشقىچە بولۇپ ئۆزگىرىپ - تاتىرىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ماجىڭلىنىڭ قىزىمۇ ئاشۇ تاللانغانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى.

— ناھايىتى بەلەن ئىش. ئوبدان ۋاقتىدا كەپتىمەن. سا مۇدىر باشلاپ بەرسە، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى ئۆيۈمگە بىر باشلىۋالاي دەپ كېلىۋېدىم، — دېدى ما جىڭلى خۇشال ھالدا.

سا مۇدىرنىڭ قاپىقى تېخىمۇ بەتتەر تۈرۈلۈپ، گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرغان سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى:

— ھازىر خىجىل قىلمىساڭلار، مۇشۇ يۇرتۇڭلاردا تۇرۇۋاتقىنىمىزنىڭ ئۆزى سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە بارغىنىمىزغا

ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مۇدىر بىزنىڭ ئۆيگە دەپ تۇرۇۋېلىۋاتاتتى، — دېدى.

— ھە، خىجىل بولىدىغان ئىش يوق. ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، ئاۋۋال سا مۇدىرنىڭكىگە، ئاندىن بىزنىڭكىگە بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى ئەللىك مېتىرمۇ كەلمەيدۇ.

ما جىڭلىنىڭ تىزدىقتەك تىزىلىپ كەلگەن گېپىنىڭ بېسىمى بىلەن سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرى نائىلاج ماقۇل بولدى. ئاۋۋال سا مۇدىرنىڭكىدە، ئاندىن ما جىڭلىنىڭكىدە مېھمان بولدى. ئىككى ئۆينىڭ داستىخىنى بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك، ناز - نېمەتلەر بىلەن پەۋقۇلئاددە بېزەلگەنىدى. «ئالسىلا»«باقسىلا»«بۇنداق ئولتۇرۇۋالسىلا رەنجىيمەن.» دېگەن يۈك توقماق سۆزلىرىنىڭ زورى بىلەن سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرى كانىيىغا كەلگۈچە تويۇپ، ئېگىلەلمەس بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار بۇنداق قوپال قورساق تويغۇزۇشتىن بىزار بولۇشۇپ خوشلىشىپ چىقىپ، ئەمدىلا ئون - ئون بەش قەدەم مېڭىشىغا ئېگىز بويلۇق بىر دېھقان ئۇلارغا سالام قىلدى.

— بۇ ھېلىقى ھاۋاگۇل ئىسىملىك قىزنىڭ دادىسى، — دېدى ئايال ئوقۇتقۇچى ئىككى ئەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا. ھاۋاگۇلمۇ تاللانغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

— ھەر قايسىلىرىنى ساقلاپ تۇرغىلى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى. مېھمانخانىغا بېرىپ سورىسام سا مۇدىرنىڭكىگە كەتتى دېيىشىدى. ساقلاپ تۇرسام ئاخىر چىقىشتىلا. ئات - ھارۋا ئېلىپ كەلدىم. بىزنىڭ ئۆيمۇ يىراق ئەمەس ئون يېتىم كېلىدۇ. مەن دېھقاننىڭ كۆڭلى، ھاۋاگۇل قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زىمىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆيۈمگە بىر قەدەم تەشرىپ قىلىشسىلا. بىر پىيالە چاي قويۇپ بەرسەم، — دېدى دېھقان قول باغلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن ساددا تەبەسسۇم نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە كۆپ رەھمەت. بارساقمۇ چايلىرىغا داخىل بولغۇدەك قورساقنىڭ بوش يېرى قالمىدى. مۇنۇ ئىككى ئۆيدە تازا مېھمان بوپتۇق. ئەمدى بىزگە مۇشۇمۇ يېتىپ ئاشار، — دېدى بىر ئەر مۇئەللىم چىشىنى كولاۋېتىپ.

باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىشىپ دېھقانغا كۆپتىن — كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قېلىشتى. دېھقاننىڭ چىرايى ئۆزگۈپ روھى چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى.

— قانداق ئەھۋاللىرى داۋۇتاخۇن ئاكا، قىزلىرى ھاۋاگۇلنى كىمنو مەكتەپكە تاللىنىپتۇ دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆتۈپ كېتىپ بارغان پوچتاليون دېھقانغا سالام بېرىپ توختاپ.

— قوي ئۇكا، بۇ نائىنساپلىرى ئۆزلىرى قىزىمىزنى تاللىدۇق دەپ ئېيتىپ قويۇپ، بىزگە قۇرۇق ئېمىزگىنى ئەمدۇرۇپ، ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلىپ، ماۋۇ يەردە تەخسە يالىشىپ يۈرىشىدۇ. تاللىغىنى ئون بىر، ئالىدىغىنى بىرەمىش. مۇنداق مۇدىر، جىڭلىلارنىڭ باللىرى بار يەردە بىزدەك يۇمشاقباش دېھقاننىڭ بالىسى نەگە بارالايدۇ؟ ھەتتا ئۆيگە تەكلىپ قىلسامۇ ياراتمىدى. ھەر قانچە قىلغان بىلەن يەنە بىزنىڭ پېشانىمىزگە كەتمەن پۇتۇلگەن... ئىسست، بىچارە قىزىم قانچە يىغلار. ھېچ بولمىغاندا ئۆيگە بارغان بولسا...

داۋۇتاخۇننىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى...

ئارىدىن بىر يېرىم ئاي ئۆتتى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنلەر «كىمنى قوبۇل قىلغانلىقىمىز توغرىسىدا بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇقتۇرۇش قىلىمىز» دەپ كەتكەنىدى. داۋۇتاخۇن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بۇ ئىشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى. ئوقۇغۇچى ئالىدىغانلار مۇدىر بىلەن جىڭگىلنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاندىن كېيىن شۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ - دە.

— ئاتا قارىغا، ماڭا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. مېنى تاللاپتۇ، — ھاۋاخاننىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقتەك ئاۋازى داۋۇتاخۇننى داڭ قالدۇردى. ئۇ قۇلاق، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

— توۋا ئاجايىپ ئىشقۇ؟ ئۇلار سا مۇدىر بىلەن ماجىڭگىلنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشۇپ تۇرۇپ... ئۇلارنىڭ قىزلىرىنىمۇ كەپتۇما؟ — دەپ سورىدى. داۋۇتاخۇن.

— ياق، ماڭىلا كەپتۇ. سا مۇدىر بىلەن ما جىڭگىل مۇئەللىملەرنى «تۈزكورلار» دەپ تىللىشىپ يۈرەرمىش، — دېدى ھاۋاخان.

داۋۇتاخۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

1984 - يىل 25 - ئۆكتەبىر، مەكىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## تاڭ ئالدىدا

سالىم كىچىچە هاراق سورۇنىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. تاڭ سەهەردىلا ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىدى. بىر قانچە دوستلىرى ئاخشام ئىچىشكەن داستىخانغىلا يىقىلىپ خورەك تارتىپ يېتىشاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پەم بىلەن دەسسەپ ئىشىكتىن چىقىپ موتسىكلىتقا مىندى.

سۇبھى ۋاقتى. كوچىدا كوچا تازىلاۋاتقان تازىلىق ئىشچىلىرىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئاخشام ئىچكەن هاراقنىڭ كۈچى تېخى كەتمىگەنىدى، يول پىرقىرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ موتسىكلىتنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن چاپتۇرۇپ ماڭدى. چۈنكى ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئويغىنىپ بولغۇچە ئۆز هۇجرىسىغا كىرىپ يېتىۋالمىسا يەنى ئۇنىڭ سىرتتا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاتا ـ ئانىسى بىلىپ قالسا، تاپا ـ تەنىگە قالاتتى. دادىسى ئۇنى يەتكۈچە قارغاپ تىللايتتى.

«ۋايجان» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن تەڭ سالىمغا بىر نەرسە سوقۇلغاندەك، نىمدۇر يىقىلغاندەك تۇيۇلدى. سالىمنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ موتسىكلىتنى قاتتىق تورمۇزلاپ توختىتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋېدى، ئۆزىدىن ئالتە ـ يەتتە مېتىر نېرىدا بىر كىشىنىڭ ئېگراپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرهال موتسىكلىتنى ئىزىغا دەسسىتىپ قويۇپ، ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ كىشى دۈم يىقىلغان بولۇپ، يېنىدا

ئۇزۇن سۈپۈرگە تۇراتتى. سالىم ئۇ كىشىنى ئۆڭدا قىلىپ يۆلىدى - دە، قورقۇپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە كوچا سۈپۈرىدىغان تونۇش، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسى يولنىڭ بېتون قىرىغا قاتتىق تەگكەن بولۇپ، يېرىلغان جايدىن قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. يىگىت ھوشسىز بولۇپ ئىڭراپ ياتاتتى. سالىم يانچۇقىدىن يوغان قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، يىگىتنىڭ پېشانىسىنى چىڭ تاڭدى. لېكىن قان توختىمىدى. ئۇ ئۇچىسىدىكى چاقماق كۆڭلىكىنى يىرتتى - دە، يىگىتنىڭ بېشىنى ئۈستى - ئۈستىلەپ چىڭ تېڭىپ قويدى.

يولنىڭ ئالقاندىن چوڭراق يېرىنى قىپقىزىل قان بويىغانىدى. يىگىت يەنىلا ھوشسىز ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ يې-نىدىكى ئىستولبىغا بېكىتىلگەن لامپۇچكا يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكى، قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلى-قىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كوچا تىمتاس بولۇپ، ئۈچ ئىستولبا يىراقلىقتا كوچا سۈپۈرۈۋاتقان بىر كىشى بار ئىدى. سۈپۈرگىنىڭ شىرتىلدىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرات-تى. ھوشسىز ياتقان يىگىتنى ئىستولبىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇ-زۇپ قويدى - دە، يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك قەغەزدىن ئىككىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا سىقىمدىتىپ قويدى، كې-يىن ئەتراپقا ئەنسىزگىنە قاراپ قويۇپ، ئادەم كۆرۈنمىگەنى-دىن كېيىن موتىسىكلىتىنى مىنىپ كېتىپ قالدى...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇ ئاغزىغا ماسكا تار-تىپ كۆزەينەك تاقاپ، ۋېلىسىپىت بىلەن ھېلىقى كوچىغا سەھەردىلا كەلدى. بېشىنى ئاق داكا بىلەن ئورىۋالغان

ھېلىقى يىگىت يەنىلا شىرتىلدىتىپ كوچا سۈپۈرمەكتە ئىدى. سالىمنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ يىراقتىنلا ئەگىپ قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاك. بۇنى مەنمۇ بىلەلمىدىم. بىر ئەتىگىنى سالىم ئويغىنىپ ئۆزىنى كېسەل كارىۋىتىدا كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل سېلىنغانىدى. ئۇ يانغا قىيسىيىپ قاراپ، ئۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ھېلىقى كوچا تازىلىغۇچى يىگىتنى كۆرۈپ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. «ئۇ مېنى تونۇۋالغان بولسا مەستلىكىمدىن پايدىلىنىپ...» ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى بىر پېشقەدەم دوختۇر كىرىپ كەلدى.

— ھە، نوچى يىگىت، ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ؟ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالارىڭىزنى بىلسىڭىز ئازراق ئىچكەن بولاتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟— دوختۇر سۆزلەۋېتىپ تىڭشىغۇچ بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تىڭشاپ باقتى،— مۇشۇ ياخشى يىگىتكە ئۇچراپ قاپسىز، كوچىدا يەنە قىرىق مىنۇت يېتىپ قالغان بولسىڭىز ماچاققا ئۆزىڭىزنى دوختۇرخانىدا ئەمەس مازارلىقتا كۆرەتتىڭىز. تەلىيىڭىز بار ئىكەن. مۇنۇ يىگىت سىزنى شۇنچە يەردىن يۈدۈپ ئەكەپتۇ. ئەمدى سىز ئۇنى يۈدۈپ ھەرەمگە ئاپارسىڭىزمۇ ياندۇرۇپ بولالمايسىز.

سالىمنىڭ يۈزى خىجىللىقتىن ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ گەپمۇ قىلالماي قالدى.

— مەن قايتاي، تېخى كوچىنى تازىلاپ بولالمىغانىدىم،— دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ سالىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ دوختۇرخانىدىن

بالدۇرراق ساقىيىپ چىقىشنى تىلەپ خوشلاشتى ـ دە، چىـ
قىپ كەتتى.

— يىگىت، ئۇ چىقىپ كەتسە «مۆ» دەپ بىر ئېغىزمۇ
گەپ قىلمايسىزغۇ؟ سىز ئۇچۇن ئۇ دوختۇرخانىغا ئـوتتۇز
يۈەن تۆلىگەنىدى — دېدى دوختۇر.

سالىم ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

1985 ـ يىل 24 ـ يانۋار، قەشقەر.

# چوڭبەللىك سەتەڭ

بۇ سالنىڭ بۇنداق چوڭ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى.

يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان بۇ يىگىت بۇ شەھەرگە بىرەر قېتىم كېلىپ كېتىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن مۇمكىن بولمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ يېتىمدە شەھەر ئايلىنىپ كەلگۈدەك پۇل نەدە دەيسىز، قورسىقىنىمۇ ئاران - ئاران تويغۇزۇپ، سېرىقتال كۆن كەچۈرۈپ، ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدە چوڭ بولدى. يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قولى پۇل كۆردى. شۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ قولى ئۇزىراپ، ئارزۇلىرىمۇ كۆپەيدى. شەھەر ئايلانغۇسى، ئايالىغا، بالىلىرىغا، ئۆزىگىمۇ ھەم كىشىلەردىن «توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ...» دەپ داۋرىغىنى تولا ئاڭلىغان بۇ شەھەرنىڭ قايناق داڭلىق بازىرىدىن تاللاپ تۇرۇپ كىيىم - كېچەك سېتىۋالغۇسى كەلدى.

يېشى يىگىرمە سەككىزگە يەتكەندە شەھەر كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن سالى ئاپتوبۇستىن چۈشتىيۇ، ھەممە نەرسىگە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى. ئېگىز، چىرايلىق بىنالار، ئۇزۇلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللار، ۋېلىسىپىتلار، خىلمۇ خىل ئەمما ياراشتۇرۇپ كىيىنگەن، پەرداز قىلغان قىز - چوكانلار، چوڭبەل ئارتىۋالغىنىغا قارىماي پارقىراق كىيىملەرنى كىيىۋالغان ئاياللار، چاچلىرىنى ئاشقلاردەك

ئۆستۈرۈشۈۋالغان يىگىتلەر... ئۇ بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت كىنودىلا كۆرگەنىدى. سالى شۇلارنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ «ئەتە يولغا چىقىمەن» دېگەن ئاخشىمى ئايالىنىڭ دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدى. ئايالى پاتىمە ئۇنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ، «كىنودا چىقىدىغان چىرايلىق ئايالالارنىڭ ھەممىسى شەھەردە ئىمىش. سىز ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشۈپ كەتمەڭ» دېگەنىدى.

سالى شەھەر مەركىزىدىكى مېھمانخانىغا چۈشتى. ئازابىدا ئېزىلىپ كەتكەن سالى تاماق يەپلا يېتىپ ئۇخلاپ كەتتى. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاقچە بولسىمۇ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ساماۋارخانىغا كىردى - دە، ناۋاتتا دەملەنگەن چايدىن بىر چەينەك ئەكەلدۈرۈپ شەھەرلىك كاسىپلارنى دوراپ، بۇرۇتىنى غېرىچلاپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ بۈگۈن نېمە ئىش قىلىش، شەھەرنىڭ قەيىرىگە بېرىپ ئايلىنىش لازىملىقىنى ئويلىدى ۋە ئايالى پاتىمە بۇيرۇغان سودىلىقنى ئالدى بىلەن تۈگىتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ چايخانىدىن چىقىپ، كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىسىگە كەلدى. قايناق بازاردا، قىستاڭچىلىق ئىچىدە ئۇيياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن سالىنىڭ كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ «يائاللا، بۇ جاھاندا ئادەم شۇنداقمۇ كۆپمىدۇ؟ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تاماق يەمدىغاندۇ؟ بۇلارغا قانداقمۇ ئاش - نان توشۇيدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆزى قاراقتۇل قوڭۇر رەڭلىك چۈمبەل تارتقان، ئېگىز، سىدام بويلۇق

www.uyghurkitap.com

ئايالنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان شىپۇن كۆڭلەككە چۈشكەندە خۇشاللىقىدىن يۈرىكى ئويناپ كەتكەندەك بولدى. «بۇ پاتىمە كېچىدە قولاق تۇۋىمدە شۇرلاپ تولا گېپىنى قىلغان تېگى ئاسمان كۆكى، چېچەك گۈللۈك شىپۇن كۆڭلەكنىڭ دەل ئۆزىغۇ».

سالى قىستاڭچىلىقتا ئىتتىرىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ چۈمبەللىك ئايالنىڭ يېنىغا تەستە بېرىۋالدى ۋە ئۇ ئايالدىن:

— بۇ كۆڭلەك سېتىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇلايىم ئاۋازدا.

چۈمبەللىك چوكاننىڭ «ۋىلىق - ۋىلىق» قىلىپ يېقىملىق كۈلگىنى ئاڭلاندى.

— ساتمايدىغان نەرسىنى بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرامدۇ كىشى؟ — دېدى چوكان.

ئۇنىڭ سوزۇپ ئېيتىلغان يېقىملىق سۆزىدىن سالىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. «شەھەر ئاياللىرىنىڭ ئاۋازىمۇ، گېپىمۇ يېزا ئاياللىرىنىڭكىدىن چىرايلىق بولىدىكەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى سالى.

— قانچە پۇلغا ساتىلا؟

— ئالاي دېسىلە كېلىشىپ قالىمىز.

— بۇ كۆڭلەك سەل قىسقىراق كۆرۈنەمدۇ - قانداق؟

— كىيىدىغان خېنىم مەندىنمۇ ئېگىزمۇ؟

سالى چوكاننىڭ - باش ئايىغىغا بىر قاراپ:

— سىلىدەك بار، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا تازىمۇ جايىدىكەن. بۇ كۆڭلەكنى بىزنىڭ ئادەم ماڭا ئاتاپ تىككۈزۈپ بېرىۋېدى، تازىمۇ

كۆڭلۈمدىكىدەك بوپتىكەن. چىددىي پۇل خىجالىتى تارتىپ قېلىپ سېتىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالدى. بولمىسا ھەرگىزمۇ ساتمايتتىم. سېتىۋالغىنىڭىز گۈزەل قىلىپ باقمىغاندىم دېسىلە. ئادەم ئۆلمىسە ھەممە ئىشنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئايال.

— قېنى دېسىلە، قانچە پۇل؟

— ۋىيەي، ئەمدى بۇ كۆڭلەك شۇنداق سۆپەتلىك تىكىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىپۇنىمۇ شۇنداق ياخشى. قارىغاندا كۆزلىرى خېلى مال تونۇيدىغان ئادەمدەك قىلىلا، ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە.

— قېنى، سىلە مال ئىگىسى دېمىسىلە، مەن نېمە دەيمەن؟ — دېدى سالى كۆڭلەكنى تۇتۇپ كۆرۈۋېتىپ. كۆڭلەك سالىغا يارىغانىدى.

— ۋىيەي، چىرايلىرىغا قارىسام قېتىپ قالغان سەھرالىق ئىكەنلا. لېكىنزە، كۆڭۈللىرى مېنىڭكىدىنمۇ يۇمشاق، خىجالەتكە چىدىمايدىغان ئادەمكەنلا جۇمۇ؟!

ئايال شۇنداق دەپ سالىنىڭ بىلىكىنى يېنىك موتاپ قويدى. سالىنىڭ ئۆگىلىرى «دىر» قىلىپ كەتكەندەك بولدى.

— قېنى دېسىلە.

— ئىككى يۈز ئەللىك كوي بەرسىلە.

سالىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ: «ھوي، پاتمەنى ئىكاھىمغا ئالغاندىمۇ تويلۇققا ئىككى يۈز ئەللىك كوي خەجلىمىگەن. بىر كۆڭلەك ئىككى يۈز ئەللىك كوي بولسا...» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋىيەي، ئاغزىلىرىغا ماتاڭ چاپلىشىپ قالدىمۇ،

تورۇپ كەتتىلىغۇ؟ قېنى مەنمۇ دېدىم، سىلىمۇ بىرنەرسە دېمەملا؟
— بەك ئۇرە دەۋەتتىلە، مەن بىرنەرسە دېيەلمىگۈدەك مەن، — دېدى سالى دۇدۇقلاپ.
— سودا دېگەن شۇنداق بولىدۇ: مەن ئۇرە دەيمەن، سىلە تۆۋەن دەيلا، ئۇنداق دەپ، بۇنداق دەپ كېلىشىپ قالىمىز. مەن بايا دېدىمغۇ، مەن ئەسلى سېتىقچى ئەمەس دەپ. بۇنىڭدا كېلىشىپ قالساق سىلىدەك ئوبدان ئادەمگە بېرەرمەن دەپ ساقلىغان بۇنىڭدىن ئېسىل ماللىرىمۇ بار تېخى، — ئايال شۇنداق دەپ، ئاپئاق قوللىرى بىلەن چۇمبەلنى ئاستا قايرىپ سالىغا پىسىڭگىدە كۈلۈپ قاراپ قويۇپ چۇمبىلىنى چۈشۈرۈۋەتتى، — قانداق مال ئالىمەن دېسىلە بىزدىن تېپىلىدۇ.
سالى ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ تۇرۇپ قالدى. «پاھ... جەننەت ھۆرلىرى مۇ ئۇچىسە گېلىدىن كۆرۈنىدۇ. دەپ ئاڭلىغانىدىم...» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى.
ئۇلار خېلىغىچە سودىلاشتى. سالى كۆڭلىگە پۈككەن باھانى ئېيتتى. ئايال باھاسىنى سەل تۆۋەنلەتتى ۋە سالىنى سەل ئۈرلىتىشكە دەۋەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، كۆڭلەكنىڭ سودىسىدا ئاخىر كېلىشىپ قالدى. سالى پۇلنى چوكاننىڭ قولىغا بەرگەندە بىر تەگلەپ تارتىۋېلىپ ئاندىن تۇتقۇزدى. چوكان نازۇك بارماقلىرى بىلەن سالىنىڭ پۇل سىقىمدىغان قوپال، يىرىك بارماقلىرىنى مۇجۇپ تۇتقان ھالدا سول قولى بىلەن چۇمبەلنى سەل قايرىپ، كىرپىكلىرى تۈكۈلۈپ تۇرغان سېھرلىك قارا كۆزلىرى بىلەن باقتى. ئېچىلغان خىنىدەك ئويماق لېۋىنى يىمىرىپ تۇرۇپ، پەس، ئەۋرىشىم ئاۋازدا:

— يەنە نېمىلەرنى ئالىلا؟ سىلە ئالىدىغان نەرسىلەر بەلكىم مەندىن چىقىپ قالار؟ — دەپ سورىدى.

— ئايالىمغا بىر يازلىق ئاياغ بىلەن كاستۇم ئالىمەن، يەنە ئۆزۈمگە بادام دوپپىدىن بىرنى ئالاي دەۋاتىمەن. ئۆزلىرىدە بارمىدۇ؟ — دېدى سالىمۇ چوكاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ھەممىسى مەندە بار. جۇرسىلە ئۆيدىن ئېلىپ بېرەي.

شۇنداق قىلىپ سالى ئاق توپلەيدىن «غىس - غىس» ئاۋاز چىقىرىپ ئالدىدا كېتىپ بارغان چومبەللىك خېنىمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ چوكاننىڭ زىبا سۆلىتىگە زوقلىنىپ قاراپ مېڭىپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن خالتا كوچىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئاخىر بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بىر ئۆي ئالدىغا بېرىپ توختىدى. چوكان ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئۆي كىچىك، ئەمما كارامەت ئېسىل جابدۇلغانىدى. سالى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تېنى ئەيمەندى. ئۇ گىلەمگە دەسسىگەندە گويا ئېسىل توقاچ ئۈستىگە دەسسەپ سالغاندەك تۇيۇلۇپ، ئارقىسىغا داجىدى. ئۆيدە ئادەم دىدارى كۆرۈنمەيتتى. چوكان چومبەلنى ئېلىۋەتتى. ھاي - ھاي، سۈزۈك ئاسماندا ئاي چىقتى...

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار سودىسىنى پۈتتۈردى. چوكاننىڭ مەرگەن سۆزلىرى سالىنى مەست قىلدى. ئۇ ھاياتىدا قىلىپ باققان چوڭ سودىسىمۇ، تۇنجى سودىسىمۇ مۇشۇ ئىدى. دېگەندەك سالى ئالماقچى بولغان ھەممە مال بۇ يەردىن تېپىلدى. چوكان بادام دوپپىنى سالىنىڭ بېشىغا كىيدۈرگەندە سالى دوپپىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە تازىمۇ ياراشقىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. چوكانمۇ ئىللىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلى تولىمۇ مەرد ئادەمكەنلا، سودىمىز بەك كۆڭۈللۈك بولدى، — دېدى ......

بىراق بۇ كۆڭۈللۈك سودىنىڭ ئاخىرى تولىمۇ كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. چوكان باھانى تولىمۇ يۇقىرى قويۇپ، سالىنىڭ يېنىنى قۇرۇغداپ قويغانىدى. قۇرۇق قول بولۇپ قالغان سالى پوكاندەك ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— بۇ نېمىدېگەن ئىنساپسىزلىق؟ مۇشۇنچىلىك بىرنەرسىگە شۇنچىلا جىق پۇل ئالغان بارمۇ؟ بولدى، ماللىرىنى ئالمايمەن، مېنىڭ پۇل باسىدىغان زاۋۇتىم يوق. قولۇمدىن جىرتىلدىتىپ قان چىقىرىپ كەتمەن چاپقاندا ئاندىن تاپىمەن بۇ پۇلنى. بولدى، پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى.

چوكان شۇئان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— مالنى سىلىگە زورلاپ ساتمىدىم. مېنىڭ ماللىرىم سۈپەتلىك، سۈپىتىگە لايىق باھاسى بولىدۇ. سىلىنى مەرد ئادەمكەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئازامنى يەپ قالسۇن دەپ ئەرزان بەردىم تېخى، — دېدى.

— تېخى ماڭا ئەرزان بەردىلىمۇ؟ بولدى، قىممەت ئالىدىغان ئادەمگە سېتىۋالسىلا، دوپپا بىلەن كۆڭلەكنىلا ئالاي؛ قالغىنىنى ئالمايمەن، — دېدى سالى تېرىكىپ.

چوكان. پېتى بۇزۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپ، ئىشىكنى «جالاق» قىلىپ ئاچتى - دە، تالانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھۆرمىتىنى قىلغاننى بىلمەيدىغان توك قاپاق سېھرالىق، چىقسىلا ئۆيدىن. ئەگەر تەلۋىلىك قىلىدىغان بول-

ىسلا، ئاۋۇ تېلېفوننى كۆردىلىمۇ؟ ساقچىنى «هويت» دېسەم كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كېلىدۇ. ھېلى بىكار ئۆزلىرىنى سولاقخانىدا كۆرىلا، جۇرسىلە، بېزىرىپ قاراپ تۇرماي ئۆيدىن ياخشىلىقچە چىقىۋالسىلا!...

سالى بوشاشقان ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ يۇرتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سوۋغا - سالام ئالىدىغان پۇلىنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىدىلا بىر قېتىملىق سودا بىلەن تۈگىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن تىلەكلىرىمۇ مۇشۇ بىر سودا بىلەن تۈگىدى. ئۇ ئەمدى ئايالى پاتىمەگە نېمە دەر؟ ئوماق باللار «ئاتا ماڭا نېمە ئەكەلدىڭ؟» دېسە نېمە دەر؟

خىيالغا پېتىپ، بېشى ساڭگىلاپ مۆكچىيىپ قالغان سالى چوڭ كوچىدا يۇرتىدىكى مالچى دوستى سامساق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ئىككى دوستى خۇشاللىقىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. سالى گەپ باشلاي دەپ ئاغزىنى ئۈمەللىشىگە سامساق گەپ باشلىدى:

— ئاداش سالى، سېنى ماڭا چوقۇم خىزىر ئۇچراشتۇردى. تەلىيىم باركەن، بولمىسا بۇ شەھەردە قانداقمۇ قىلاتتىم. ئىنىسى - جىنغا تىلىمىغىن. بۈگۈن كېلىپلا پەرىزات سۈرەتلىك بىر ئازازۇلغا ئۇچراپ قېلىپ، يانچۇقۇم قۇرۇغدىلىپ قالدى. ئەمدى سەن مېنى...

سامساق سۆزىدىن توختاپ قالدى. چۈنكى سالىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

1985 - يىل 22 - ماي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ياسىز ئوق

بۇ قاۋاقخانىنىڭ خوجايىنى پىستە كۆز ئايال ئىدى. كۆتمەك چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، يۈزلىرى قورۇلۇپ خالتىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاغزىدىن ئالىي دەرىجىلىك تاماكىنى چۈشۈرمەيتتى. ھارىقىمۇ، زاكوسكىلىرىمۇ ياخشى ئىدى. پۇلۇڭغا قاراپ خالىغىنىڭنى ئالالايتتىڭ. خۇمارىڭ تۇتقاندا يېنىڭدا موخۇركاڭ بولمىسا، سورىساڭ بىر - ئىككى تال تاماكىسىنى ئايىماي بېرەتتى.

ئۇ مېنى كۆرسىلا تەبەسسۇم قىلىپ قىزغىن ھال سورايتتى. سوراپمۇ ئولتۇرماستىن تۆت سەرلىك رومكىغا ھاراق قۇيۇپ، ئىككى تۇخۇم بىلەن ئەكىلىپ ئالدىمغا قويۇپ قوياتتى. مەن شۇ ھالغا ئۆگىنىپ قالغانىدىم. شۇڭا، كۈندە بولمىسىمۇ ئىككى كۈننىڭ بىرىدە دېگۈدەك ئارىلاپ مۇشۇ قاۋاقخانىغا كىرىپ ئىككى رومكا ھاراق بىلەن ئىككى تۇخۇمنى سوقۇۋېتىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ قالىمەن.

بۈگۈن يەنە شۇ قاۋاقخانىغا كىرىپ كەلدىم. كەيپىم پەۋقۇلئاددە ياخشى ئىدى. چۈنكى يېقىندا ئېلان قىلىنغان رومانىم ھەققىدە بىراقلا ئۈچ ژۇرنالدا مەشھۇر ئۈچ تەنقىدچىنىڭ ئوبزورى بېسىلىپ چىقتى. ئۇلارنى ئىككى كۈندىن بېرى ئوقۇپ ئۈلگۈردۇم. ئۇ ئوبزورلاردا رومانىمغىمۇ، تالانتىمغىمۇ يۈكسەك باھا بېرىلگەنىدى. يازغۇچى - شائىرلار «مەشھۇر ئۈچ كالتەكچى» دەپ لەقەم قويۇپ زارلاپ يۈرۈ-

دىغان بۇ تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆز تەبىئەتلىرىگە خىلاپ ھالـ
دا مېنى بىردەك ماختاشلىرى تۈپەيلى، ئۆزۈمنى قويارغا يەر
تاپالماي ئىسەنكىرەپ قالغانىدىم. بۈگۈن بۇ قاۋاقخانىغا كىـ
رىشىممۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. يەنى ئىككى ـ تۆت سەر
ئىچىپ، تېخىمۇ خۇشال بولۇشنى ئويلايتتىم.
خوجايىن ئايال تاماكىسىنى چېشلىگەنچە ئالدىمغا كۈـ
لۈمسىرەپ كەلدى ـ دە، باش لىڭشىتىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ساـ
لاملىشىشى ئىدى. قولىدا ھاراق قۇيۇلغان تونۇش رومكا
بىلەن ئىككى تۇخۇم تۇراتتى.
— بۈگۈن ئىككىنى ئارتۇق ئىچەي ـ دېدىمەن كۈلكەـ
دىن ئاغزىم يۇمۇلمىغان ھالدا شۇنداق دېدىمىۋ، رومكىنى
تېزلا بوشاتتىم.
— بۈگۈن كونا ئاشنائىغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايـ
سەن ـ ھە، ـــ دەپ خىرىلداپ كۈلۈپ، يەنە ھاراق قۇيۇپ
بەردى خوجايىن ئايال.
— تاپتىڭ موماي. سەن دائىم ئادەمنىڭ كۆڭلىدىـ
كىنى تېپىۋالىسەن، شۇڭا سېنى موللا تاپقاقمىكىن دەيمەن.
ھەر ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. دەل شۇ چاغدا
قاۋاقا ئاسى ـ جاپىكىيىنگەن تۆت يىگىت چاقچاقلىشىپ،
كۈلۈشكەنلىرىچە كىرىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىدىن
باشقا ئادەم يوقتەك كەلگەنچە سۈپىدىن تۆت قوشلۇق يەرنى
ئىگىلەپ ئولتۇردى. مەن بوشىغان بوتۇلكىدەك سۇرۇلۇپ
بېرىپ بولۇڭغا تىقىلىپ قالدىم. قولۇمدىكى يېرىمى يېيىلىپ
بولغان تۇخۇممۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئاسـ
ماندىن يەرگە تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىپ، جۇدۇنۇم تۇتـ
تى. «نېماندان ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ ما كىسپۇرۇچىلار»

دېدىم ئىچىمدە ئەلەم بىلەن، خوجايىن ئايال مۈرەمدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. پەرۋاسىز باللارغاقاراپ، تۇمشۇقىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ بىزارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك ئىدى. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشقان بولسامۇ بولمىدى. شۇڭا ئەدەب - قائىدە ھەققىدە ئىككى ئېغىز بولسىمۇ سۆزلەپ، قورساقنى بوشاتقۇم كېلىپ قالدى. لېكىن گېپىمنى دىتلاپ بولغۇچە ئۇلاردىن بۇدۇر چاچ بىرى قارا كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئېلىپ قول ياغلىقىدا سۈرتكەچ:

— شۆھرەت، سەن ھېلىقى «قۇياش سۆيگەن يەر» دېگەن رومانىنى ئوقۇدۇڭما؟ — دەپ سورىدى يېنىدىكى مۇشۇك كۆز سېرىق بالىدىن.

شۇ سۆز بىلەن يۈرىكىم دىر قىلىپ، ئاچچىقىم يوقىلا بولۇپ كەتتى. خۇشلۇقىم يەنە ئىچىمگە سىغماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن باللارمۇ ئەسلى چىرايى بىلەن كۆرۈندى. ئۇلار پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، ئوچۇق - يورۇق باللار ئىدى. ئۇلار تۇرقىدىن بىلىملىك ياشلاردەك قىلاتتى. «يائاللا، ھەرھالدا كىتاب ئوقۇيدىغان باللاركەن» دېدىم ئىچىمدە.

— قاچان چىققان كىتابكەن ئۇ؟ — دەپ سوراشتى ئۇچ يىگىت تەڭلا.

— ئىككى ھەپتە بولدى. كىتابخانىغا كىرىپ باقماپسىلەر - دە، ئىككى ھەپتىدىن بېرى؟

— پو ئاتمىغىنا ۋا ئاداش. بىز ماشىنىنىڭ چاقىنى دۈگىلىتىپ يۈرۈپ، يولدىن ئەمدى كېلىۋاتساق كىتابخانىغا كىرگۈدەك ۋاقىت نەدە دەيسەن؟ مۇشۇ كەمدىزە سەنمۇ چوڭ

گەپنى تولا قىلىدىغان بوپقاپسەن.

شۇنداق دېگەن بۇ بۇدۇر چاچ بالا ھىجىيىش بىلەن تەڭ قىزىرىپ، قورسىقىمغا مىنىۋېلىپ ئات ئېتىپ ئويناي-دىغان كىچىك ئوغلۇمغا ئوخشاش ئوماقلىشىپ كەتتى.

— ھە، سەن ئوقۇدۇڭما؟ كىمنىڭ كىتابى ئىكەن؟ — دېدى باياتىن بېرى گەپكە ئانچە ئارىلاشماي ئولتۇرغان قارا خولەڭ بالا تاماكىسىنىڭ كۆلىنى پۇۋلەپ تۇرۇپ.

خوجايىن ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە توغرال-غان كالا گۆشى بىلەن بىر تەخسە سويغان تۇخۇم، بىر بوتۇلكا ھاراق، ئىككى بوتۇلكا پىۋا كەلتۈردى. يۈرىكىم بارغانچە دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى. گېلىم قۇرۇغاندەك بول-دى. مەن ئۇلارنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدىم.

— ئىسرايىل نېمە دەيدۇ يازغۇچىسىنى، ئىسمى تى-لىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ.

— ھە، ئىسرايىل زىرىپ دېگىنە.

— ھە، راست، شۇ، شۇ.

— ۋاي ئۇ ئادەم ساپلا يالتىراق گەپلەر بىلەن شو-ئار يازىدىغان ئادەمغۇ، ئۇ يەنە كونا شوئارلارنىڭ ئور-نىغا داغ - دۇغىلىق يېڭى شوئارلارنى يازغاندۇ تايىنلىق...

مەن بۇ ياشلاردىن رومانىم، ئۆزلۈم توغرىسىدا ھېلى-قى ئوبزورچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇس، ئۇلار مېنى بىر تىيىن-گىمۇ ئەرزىمەس قىلىپ قويدى. ياق، شۇنداقلا ئەمەس، ئوب-زورچىلار مېنى كۆككە چىقىرىپ قويغان بولسا، بۇ ياشلار مېنى كۆكتىن يەرگە ئېتىپ ئۇردى. پۈتۈن بەدىنىم سىر-قىراپ ئاغرىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. بۇدۇر چاچ يە-

گىتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى مېنىڭمۇ رومانىمنىڭمۇ تۈگە
تەڭ قىلىپ قويىدى.
— ئوقۇدۇم، يېرىمىنى مىڭ جاپادا ئوقۇدۇم. ئۇنى
تېخى شۇنچە زورۇقۇپ، چىداپ قىيىنىلىپ ئوقۇسامىمۇ نېمە
دەۋاتقىنىنى چۈشىنەلمىدىم. ھەممىسى دەبدەبىلىك قۇرۇق
گەپلەر، جاراڭلىق شوئارلار، گېزىتلەردە كۈندە تەكرارلى-
نىپ تۇرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۆزى. ئۇ كىتابنىڭ يېرىمى-
نى تەستە ئوقۇپ، پۇشايمان قىلىپ قالدىم. «ئىسست، —
دېدىم، — شۇ كىتابنى ئالغان پۇلغا ئىككى زىخ كاۋاپ
ئېلىپ يېۋالغان بولسامچۇ كاشكى!» نەشرىياتتىكى خەقلەرمۇ
كىتاب تېپىلمىغاندەك شۇ كىتابنى بېسىپتۇ قەغەزنى ئىس-
راپ قىلىپ، ئۇ ئاداشمۇ ئۇ كىتابنى يېزىپ بولغۇچە قان-
چە زېرىككەندۇ ـ ھە. كىتاب يازىمەن دەپ ئۆزىنىمۇ قىي-
ناپ، بىزنىڭمۇ ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ يۈرگۈچە، بال-
سىنى ياخشىراق تەربىيىلەشنىڭ كويىدا بولسا بولمامدۇ ئۇ
ئاداشمۇ......
مەن بۇ ئەدەبسىز يىگىتلەرنى پۈتۈن غەزەپ ـ نەپ-
رىتىمنى ياغدۇرۇپ تىللاشقا تەييار ئىدىم. ئەمما ئاغزىم
يەملىشىپ قالغاندەك ئىدى، غەزىپىم شۇنچە ئۆرلەپ تاشقان
ئىدىكى، ئىچ ـ ئىچىمدىن تىترەپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەل-
مەيتتىم، تىلىم سۆزگە كەلمەيتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاش-
تى. ئۆي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ پىرقىراشقا باشلىدى.
يۈرىكىمنى كىمدۇر بىرى ئامبۇر بىلەن قىسىۋاتقاندەك تو-
يۇلۇپ، بىئارام بولۇپ كەتتىم. مىڭ جاپادا چاچراپ تۇر-
دۇم. ئالدىمدىكى چاققانىغىنە، پاكار جوزا ئۆرۈلۈپ كەتتى.
قانداق ئىش يۈز بەرگىنىنى ھېچ بىلەلمەي قالدىم. دەلدەڭشىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېڭىپ، ئىشىك تۈۋىگە ئاران بېرىۋالدىم. ياشلارنىڭ جانغا پاتىدىغان سۆزلىرى يەنە ئاڭلاندى:

— رومكا چېقىلىپتۇ.

— چېقىلغان بولسا تۆلەيدۇ شۇ. سەن نېمە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كېتەتتىڭ؟

— قېرىغاندا جېنىغا چۈشلۇق ئىچسە، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلسا بولمامدۇ؟... ئۆزىنى بىلمىگەنلىك دېگەن شۇ - دە...

كېيىنكى سۆزلەرنى ئاڭلىيالمىدىم. چۈنكى يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ قالدى. جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۈگۈلۈپلا قالدىم ۋە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تۇردۇم. دەل شۇ پەيتتە پايپاسلاپ يېتىپ كەلگەن خوجايىن ئايال مېنى يۆلىۋالدى.

1989 - يىل 7 - ئاي، دەكىت.

## تۇنجى ئاخشام

تۇنجى ئاخشام — ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ شېرىن، ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاخشام. بۇ توي قىلغان قىز-يىگىت ئۈچۈن بەخت ھەم بەختسىزلىكنىڭ، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇش-بولالماسلىقىنىڭ تامغىسى بېسىلىدىغان ئاخشام...

شاۋقۇن بىلەن نارگىزە مانا ھازىر، يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن بىر ياستۇققا باش قويىدۇ. پەقەت شاۋقۇن ھاراقكەش دوستلىرىدىن قۇتۇلۇپ كىرسىلا...

نارگىزە يۇمشاق، ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان يېڭى چۇشەكتە ھاياجانلىنىپ ياتقىلى خېلى ۋاقىت بولدى. ئۇ ئادەتتە بېشىنى ياستۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ئۇخلايتتى. ئەمما ھازىر بېشىنى ياستۇقنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ ياتاتتى، مودىغا لايىق قىلىپ سىيلىق تارىغان چاچلىرى قاردەك ياستۇقتا يېيىلىپ تۇراتتى. تويى بولماقچى بولغان كۆنلەردە، تويى بولۇۋاتقان چاغلاردا ئۇ ھازىرقىدەك بۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. پەقەت يەڭگە خوتۇن ھىيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ كۆز قىسىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ۋە بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى. نارگىزەنىڭ يۈرەكلىرى بارغانچە تېز

سوقۇپ، بىلىجاندەك سەكرىگىلى تۇردى. بۇنى قورقۇش دېيىشمۇ خاتا، ھاياجانمۇ ئەمەس ئەلۋەتتە. يەنە خۇشال-لىق ئىچىدە قورقۇش بار، قورقۇش ئىچىدە خۇشاللىق...
نارگىزە تېخىمۇ تولغۇلىۋالدى. كۆچلۈك ھاراق پۇرىقى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى، ئۇ يۈزىنى چۆمكىۋالدى.
— ۋاي ... يەي، ئەمدى بارغانچە نېپىزلىشىپ كەت-كەن ئوخشىمامسەن. ئەمدى نېمىدىن تارتىنىسەن؟ ئەمدى ئەر - خوتۇن بولدۇق. قاچساڭ - قاچمىساڭ بەربىر ئەمدى سەن ماڭا خوتۇن بولدۇڭ. ...ھى...ھى...ھى...
قىز جىممىدە يېتىۋالدى. سادا چىقمىدى. شاۋقۇن پاپىرۇس چەكتى. ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالە ئىچتى. كارىۋاتنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. پاپىرۇستىن يەنە بىرنى چىقىرىپ گاز چاقمىقىدا تۇتاشتۇردى - دە، شۇنداق دېدى:
— ئەمدى تارتىنما... مەن ياتماي تۇرۇپ سەن بى-لەن ئىككى ئېغىز گەپلىشىۋالاي، مەنمۇ راست گەپنى قىلاي، سەنمۇ راست سۆزلە، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىدە غۇم قال-مىسۇن. يەنە دەپ قوياي: سەنمۇ رەسمىي يۈرىكىڭدىكى گەپنى دە، مەنمۇ دەيمەن. ئىككىمىز توي قىلدۇق. خۇدايىم بۇيرۇسا بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ ئۆتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر - بىرىمىزنى چىن يۈرەكتىن ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم... سەن زادى مەندىن بۇرۇن بىرەرى بىلەن مۇھەببەت باغلىغانمۇ - يوقمۇ؟
— ...
نارگىزە تېخىمۇ تولغۇلۇپ يېتىۋالدى. ھاياجاندىن تومۇرلىرىنى شىرىن كۆيدۇرۇپ ئېقىۋاتقان قانلىرى لىپپىدە بىر داۋالغۇپ كەتتى.

— راست گەپنى دەۋەرگىن. مەنمۇ دەيمەن. ھەرگىز يالغان گەپ قىلما. شۇنداق قىلساق بۇنىڭدىن كېيىن بەختلىك ئۆتۈشىمىز ئۈچۈن جىق پايدىسى بولىدۇ. ھە دېگىنە، گەپ قىل.

نارگىزە لاسىدە بولۇپ قالدى. قانلىرى قىزىپ، شېرىن ئايلىنىشتىن ئۆزگەردى. يۈرىكىمۇ سەكرەشتىن ئىزدىغا چۈشتى.

— ھە دېگىنە.

— يوق. ھازىرغىچە مەن ھېچكىمنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدىم. چۈنكى مېنىڭ پۈتۈن ئەس- يادىم ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئىدى.

قىز شۇنداق دېسىمۇ چوڭقۇر ئۇلۇغ -كىچىك تىنىدى. بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، سوزۇق يۈزلۈك، قويۇق قاشلار ئاستىدىكى كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان بىر چىراي پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جىغىدە قىلىپ، لىپپىدە كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر ئىز قالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىچىككىنە قوڭۇر كۆز پەيدا بولدى - دە، يۈزىگە تۆكچىدەك سانجىلغان سىم ساقال، گۈپپۈلدەپ ئۇرۇلغان ھاراق پۇرىقى ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. مانا بۇمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان، ئەمما يۈرىكىدە جاراھەت قالدۇرغان نەپرەتلىك ئىز ئىدى... نارگىزە قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ ئىشلار ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەندەك، شاۋقۇن ئاڭلاپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى راستى بىلەن دېسۇنمۇ؟

ئالدىنقىسى ئۇ ئۆزىنى بىلىپ - بىلمەيلا ئۆتۈپ

كەتكەن، گەرچە ئۇنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن چۈشتەكلا تۈيۈلىدىغان بىر ئىش. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ئاشۇ ئىشنى، ئاشۇ سوزۇق يۈزلۈك چىرايىنى دائىم ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئاشۇنى ئۇ راستتى بىلەن دېسۇنەمۇ؟ ياق، ياق... جاھاندا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەقىلسىزلىك بولماس! ئۇلارنى دېيىشكە ئۇنىڭ غۇرۇرى ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئۇنى ئېغىزدىن چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇ بولمىغان ئىش، يوق گەپ، ئۇ بىر ياخشى نەرسىنى سېغىنغان، ئارزۇ قىلغان، ئەمما ئېرىشەلمىگەندەكلا ئىش ... ئىككىنچىسىچۇ؟ بۇ تېخىمۇ ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپ. نارگىزە ئۆزىنىڭ ئەڭ زور قۇربان بەرگىنىنى تىلغا ئېلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغاندىن سىرت، دادىسىدەك بىر ئادەم بىلەن مۇھەببەتلەشكەن دېيىش تېخىمۇ ئۇيات. بۇ ئىشتا مۇھەببەت دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئۇ تاسادىپىي قۇربان بېرىش، جەڭگە كېتىۋېتىپ غايىب ئوق تېگىپ مۇھىم ئەزاسىدىن ئايرىلغاندەك ياكى كېتىۋېتىپ ئورەككە يىقىلىپ كېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەندەكلا بىر ئىش.

— يوق، يوق ... ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقا - چىقمايلا ئۆيدىكىلەر مېنى ياتلىق قىلىۋەتكەن تۇرسا، بىر كىم بىلەن يۈرۈپ بولاتتىمۇ؟...

شاۋقۇن تۆكۈلۈپ يېتىپ سۆزلەۋاتقان نارگىزەنىڭ سۇس چىراغ نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان چاچلىرىنى ئاستا سىيلاپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى. «دەيمۇ، دېمەيمۇ. ياق چوقۇم دەي...»

— ئۇنداق بولسا ئاڭلا، ھازىر دەپ قوياي، ھازىر بىلىپ قالغىنىڭ ئوبدان. كېيىن يەنە

مەندىن سىر يوشۇردۇڭ دەپ رەنجىپ يۈرمە... مەن ھازىرغىچە بەش قىز، ئۈچ ئېرى بار چوكان بىلەن يۈردۈم. دەسلەپ تۇر ھاكىمىنىڭ ئىككىنچى قىزى، ھازىرقى كىنو چولپىنى مېھرىگۈل بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن. سەنئەت ئىنستىتۇتىدا بىرگە ئوقۇغاندا ئىككى يىل يۈرگەن. ئەر - خوتۇندەكلا بولۇشۇپ كەتكەن بىز. كېيىن خىزمەت تەقسىماتى بىلەن تەڭ ئايرىلىشىپ كەتتۇق. ئەسلى ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇ بىرنېمە ئېكرانغا چىقىپ نام چىقىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن سۈرۈشۈپ يۈرگەنمىش، شۇنىڭ بىلەن رايىم يېنىپ تاشلىۋەتتىم. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ھېلىقى روشەن قىز دېگەن دوختۇر چوكان بىلەن ئىلىنىشىپ قالدىم، ئېرى باركەن، يېرىم يىل ئۆتكەندە قارىسام ئۇنى مەندىن باشقا ئىزدەيدىغان ئوغۇل بالىدىن بىرەئونچىسى بار ئىكەن، تىزىملىكىنىڭ ئاخىرىسىدىكى دەنكەنمەن. بولدىلا دەپ مەنمۇ ئۇنى تىزىملىكىمدىن ئۆچۈرۈۋەتتىم. بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئاغىنەمنىڭ ئالىي دەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سىڭلىسى بىلەن باغلىنىپ قالدىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئىككى يىل قالغاندا توي قىلماقچى بولدۇق. قارىسام ئۇمۇ تاپتىن چىقىپ بولغىنىكەن. بىر تەتىل ئىچىدىلا يۈرۈپ خوش دېيىشىپ بولدۇق. يەنە ھېلىقى كىچىك ماشىنا شوپۇرى ئابلەھەتنىڭ ئايالى گۈلنىسا، ئىستراخۇۋانىيە شىركىتىدىكى ئانىقىز، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ھۆرىيەت، سەندىن بىر سىنىپ بالدۇر ئوقۇغان نۇرقىز دېگەنلەر بىلەنمۇ يۈرگەن... بۇلار ئۆتكەن ئىش، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات - دە، ئەمدى ئارمىنىم يوق. ئەمدى ئۇنداق كوچىغا كىرمەيمەن.

نارگىزە لىككىدە ئورنىدا ئولتۇردى. ھال رەڭ ئىچ

كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسى لىغىلداپ
كەتتى، بويىندىكى ئاق مەرۋايىت بىلەن ئالتۇن زەنجىرلىك،
قىزىل ياقۇت كۆز مېدالىئون يالت - يۇلت قىلىپ پارقىراپ،
ئاق بويۇنلىرىنى تېخىمۇ جۇلالىتىۋەتتى. مۇرىسىگە يېيىلىپ
چۈشۈپ، سۇنىڭ ئۆركىشىدەك پارقىراپ تۇرغان چېچى
قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى، چاقناپ كەتكەن كۆزىنى يې-
رىم توسۇۋالدى، ئۇ شاۋقۇنغا بىردەم ئۈنسىز تىكىلىپ تۇر-
دى. تىنىق كۆزلىرى بارغانچە نۇرلىنىپ كەتتى. گۈل غۇن-
چىدەك لېۋى يېرىلدى، ئاق، تەكشى چىشلار كۆرۈندى.
ئۇ نازاكەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. قاردەك ئاق كوپتىسىنى،
يوپكىسىنى كىيدى. ئەينەك ئالدىغا بېرىپ چاچلىرىنى تۈزەپ،
كېيىن شاۋقۇننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. شاۋقۇن ئۇنىڭ
ھەممە قىلىقلىرىغا تاماكا چېكىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ
جىممىدە قاراپ تۇردى.

— تۈگىدىما؟ — دېدى نارگىزە.

— ھەئە.

— ئەمىسە مەنمۇ سىلىگە راستىنى دەپ بېرەي: مەن
دەسلەپ تۇر ھاكىمىنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكى ئوغلى
نۇرھەممەت بىلەن يۈرگەن، مەن ئۇنى رەسمىي ياقتۇرۇپ
قالغان. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە مۇتىسىكلىتنى ئېلىپ پوچ-
تىخانىنىڭ ئالدىدىكى دوقمۇشقا كېلەتتى. مەن ئۆيدىكى-
لەرگە: مەكتەپكە كەچلىك ئۆگىنىشكە بارىمەن
دەپ يالغان ئېيتىپ قويۇپ چىقاتتىم. ئىككىمىز دەريا بو-
يىدىكى جەڭگەللىككە بېرىپ، يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلەت-
تۇق، كېيىن ئۇ سەلىمە بىلەن توي قىلىۋالدى.

شاۋقۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ دېگەن مېنىڭ ئاغىنەم، كېيىن بۇگۈن ئۇ تو-يىمىزدا مېھمان ئۇزىتىشىپ بەردى، — دېدى بوغۇلۇپ تۇرۇپ شاۋقۇن.

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپ، ئۇ چاغدا ئىككىمىز توي قىلىدىغان بولمىغان، سىلىمۇ باشقا بىرى بىلەن يۇرۇۋاتقان چاغ، ئۇنىڭدىن كېيىن ... بوپتۇ راستى بىلەن دەۋىرەدي، ھازىرقى سىلىنىڭ سىڭىللىرىنىڭ يولدىشى مۇزەپپەر بىلەن يۇرگەن...

گەپنىڭ ئايىغى چۇشە - چۇشمەيلا نارگىزەنىڭ ئاغ-زىغا تەگكەن مۇشت ئۇنى ئارقىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

— ھۇ مەرەز سېسىق...

توي نەغمىسى بېسىقىپ، مېھمانلار ئۇزاپ بولار - بولماستىن توي بولغان ئۆيدە جېدەل، قىيا - چىيا كۆتۈ-رۈلدى. نارگىزە ئۆيدىن ئاغزىنى تۇتقانچە چىرقىراپ قېچىپ چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن شاۋقۇن قوغلاپ چىقتى.

— ئۆلتۇرۇۋېتىمەن. ئۇ سېسىقنى بوغۇزلىۋېتىمەن.

ھويلىدا قازان يۇيىۋاتقان ئاشپەز شاۋقۇننى تۇ-تۇۋالدى.

× × × ×

سوت مەھكىمىسى. نارگىزە يۇزىنى تۇتۇپ يىغلاپ ئول-تۇرۇپ، تۇنجى ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئوتتۇرا ياشلىق ئايال سوتچى شاۋقۇنغا قارىدى. شاۋقۇن تاماكىسىنى شوراپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— شاۋقۇن، سوتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە.

شاۋقۇن غەزەپ بىلەن بېشىنى سىلكىدى.

— مەن بۇنىڭ بىلەن بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتۇپ باقمىغان تۇرسام، ئۈچ مىڭ كويلۇق تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى شۇنىڭغا بۇيرۇپ بېرەمدۇ؟ ھەتتا مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىسام. مۇشۇنداقمۇ ئادالەتسىزلىك بولامدۇ؟ پەقەت ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا شۇنداق گەپلەرنى دېگەنىدىم.

— مەنمۇ سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغان.

— سىز چىدىماسلىق قىلدىڭىز، ئۇنى ئېغىر زەخىملەندۈردىڭىز، ئۇ ئالتە ئاي دوختۇرخانىدا داۋالاندى...

شاۋقۇن سوتچى ئايالنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ۋارقىرىدى:

— مەن ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن.

— ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق ماز بولامدۇ؟ مەن ئۆي تۇتمايمەن. ئاجرىشىمەن، خېتىمنى ئالىمەن، — دېدى نارگىزەمۇ بوش كەلمەستىن.

— ئەمسە تويلۇقۇمنى بەرسۇن. مەن قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتمىغان خوتۇنغا ھەممىنى بېرەمسىلەر؟

— بىلىپ قويۇڭ، ھۆكۈم كۈچكە ئىگە، قەيەرگە ئەرز قىلسىڭىزمۇ مەيلى.

شاۋقۇننىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.

1988 - يىل 28 - ئۆكتەبر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تىرىلىش

مەن تەگشىلىپ قالدىم ياق، سەنمۇ تەگشەلدىڭ، ئۇمۇ تەگشەلدى، ئىشقىلىپ، ھەممىز تەگشەلدۇق، ھا... ھا... ھا... ھەممىمىز تەگشەلدۇق. تەگشىكىمىز شۇنداق قامللاشتىكى...ھۇ زۇۋارىڭغا، بىز ساراڭ بولغان ئوخشايمىز. بىزنىڭ ئەسلى تەگشىكىمىز يوقمىدى. قايسى ئەلئۇن تاپتى بۇ گەپنى؟ مانا مۇشۇ بىر توپ مەستلەر، قاۋاقخانىغا پاتماي كېزىكىنىڭ پىتلىرىدەك يولغا تارقاپ كەتكەن مەستلەر تاپقان گەپلەر، باشقا گەپ تاپالمىدۇق. بىز ئىچمىگەن ۋاقتىمىزدا پاكقۇش، گالدۇرۇڭ، كالۋا، ئىچكەن ۋاقتىمىزدا تەگشىكىمىز بولامدۇ؟... قانداق تەتۈرلۈك. ساق دەسسەپ ماڭغاندا تەگشىكىمىز يوق، ئىچكەندە بار. ئاللا ئەسلى ھەممە ئىنساننى ھاراقسىز تەگشىكى بىلەن ياراتسا، بىز ئىچىۋېلىپ تەگشىكىمىزنى تاپامدۇق؟ ...ھا ...ھا ... ساراڭ بوپتىمىز، سەن جادۇگەر مانا مۇشۇ پۇچۇق پىيالەگدە بىزنى تەگشەيسەن. بىز تەگشەلگەندىن كېيىن خوراز بولىمىز، ئىت بولىمىز، ئېشەك بولىمىز، توڭگۇز بولىمىز، يولۋاس بولىمىز، تۈلكە بولىمىز، ئاخىر بىر زەمبىل پوق بولىمىز. مانا بىزنىڭ تەگشىكىمىز، بىزنى مۇشۇنداق تەگشەيسەن ...ھا ...ھا ...راست دېدىمۇ، ھە؟... دېگىنە، مەن ھازىر نېمە بولدۇم؟ ئىت... قانجۇق بولدۇممۇ، قاۋاۋاتىمەنمۇ؟... ماقۇل، سەن نېمە دېسەڭ مەن شۇ بولاي. يەنە يۈز گرام بەرگىن، قەرز دەپ

تىرىك تۇشۇپ كەتكەن بولسا كېيىنكە يېزىۋەر. مەن بىرـ
مەن، مەن پەقەت مۇشۇنداق قاۋاپ يۇرسەملا... بەرگىن،
خوش بولاي. سەن ياش بولغان بولساڭ مەندەك بىر
ئوغۇل بالىنى قەرزدار قىلمايتتىڭ، سەن موماي ـ دە ...ھا...
ھا... ئوبدان خان ئاچا، خوش بولاي، ماقۇل دە. مۇشۇ
ئايلىق مائاشىمدا ھەممە قەرزىمنى ياندۇرۇۋېتىمەن. نېمە، يېرىم
يىللىق مائاشىمۇ يەتمەمدۇ.؟...مەيلى، پۈتۈن شەھەر كۆيۈپ
كەتسىمۇ بىر تال تۈكۈم تەۋرەپ كەتمەيدۇ ئاخىر دۇكىنىڭغا ئوت
قويۇۋېتىمەن. دادامدىن قالغان ئۆي، ئۇن پارچە كىلەم،
يەنە مائاشىم، ئابرويۇم ھەممىسىنى سەن مۇشۇ پۇچۇق
پىيالەڭ بىلەن تارتىۋالدىڭ... ئوبدان ئاچا، ئۇ دۇنيادا
ئەگەر ھەممە ئادەمگە ھاراق ئىچۈرگەن گۇناھىڭ ئۈچۈن
دوزاختا بۇيرۇلساڭ، مەن جەننەتكە بېرىشكە لايىق بولسام،
مەن خۇدادىن سېنى مېنىڭ ئورنۇمدا جەننەتكە كىرگۈزۈشـ
نى تىلەي، يەنە يۈزگرام بەرگىن، ماڭا ئىشەن، مۇشۇ ئايـ
لىق مائاشىمدا خۇدا بۇيرۇسا بېرىۋېتىمەن. كونىسىنىمۇ، يېـ
ڭىسىنىمۇ، ھەممىسىنى بېرىۋېتىمەن. ئىشەن، قېيىن ئانام بۇ
ھېيتتا خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىزگە بىردىن سارجا پەلتو قىـ
لىپ بەردى. خوتۇنۇم ئۇنى ساندۇققا سېلىۋېلىپ چارمايـ
ۋاتىدۇ. بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى
چېقىپ، ئىككى پەلتونى ئەكەلسەم كونا قەرزىم تۈگەر...
ھە، مەيلى. يېرىمىغا ھېساب قىلساڭمۇ. راست، ئىشەنـ
مەمسەن؟ بىر ئۆي بىلەن ئۇن پارچە كىلەمنى بەرگەنگە ئىشەنـ
گەن يەردە ئاشۇ پەلتونى بېرىشكە ئىشەنمەمسەن؟ مەن ھاراقتا
كەلگەندە قىلىمەن دېگەن ئىشىمنى قىلىمەن. ماقۇل دە، مەن

ئەسلى باي، سەن يالاڭتۆش، دىۋانە ئىدىڭ. ئەمدى ئىككىمىز ئالماشتۇق. بۇرۇن سەن بويۇن قىسىپ يالۋۇراتتىڭ، ئەمدى مەن يالۋۇرىمەن. خۇدا بىزنى مۇشۇنداق قوش كىندىك ياراتقان. كىم بىلىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى ها...ها...، ۋاي... ۋاي، ئۇ چاغدا مەن ئاشۇ هاراق تۇڭىدا چىلىشىپ ئولتۇرۇپ «ئىچە مەستلەر، ئىچە» دەپ تازا بەرمەيدىغان بولسام. سەن بىپىغانچە چىڭىپ كەتتىڭ، مەن باي چېغىمدا سەندەك پىخسىق ئەمەس ئىدىم. خۇش بولاي ئوبدان خان ئاچا، جېنىم ئاچا، تاتلىق ئاچا، يۈز گرامغا ھېساب قىلىپ ئەللىك گرام بەر بولمىسا ... ھە، خوشە، مانا ئىچتىم. گۆرۈڭدە توڭگۇز بولۇپ قوپقۇر. ئىچىمدىكىنى تاپ دېگۈچە بالدۇرراق ئوچۇقىنى دېسەڭ بولمادۇ. جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ... يەنە بېرەمسەن؟ ياق، ئەمدى ئىچمەيمەن، ئەمدى ئىچسەم قەرزگە ئىچكەن ھارىقىمنىڭ ھەممىسى يەنە دۇكىنىڭدا قالىدۇ. ماقۇل، خەير سۆيۈملۈك ئاچا، خان ئاچا، خۇدا ساڭا يېقىن. سەن ئۆمۈر بويى بىزنى مەست قىلىپ يىلىكىمىزدە سۇ ئىچىسەن، بىز مەست بولۇپ ئەقلىمىزنى يوقىتىمىز. ئۆلۈكىمىز دۇكىنىڭدىن چىقىدۇ. ها... ها... ها... ئىچىڭلار مەستلەر، ئىچىڭلار، ئەرزان هاراق، زەھەردىن قىممەت هاراق. خوشە ... ھۇررا، ئىچىڭلار... ئۆلگۈدەك ئىچىڭلار ... خوشە... ھۇررا! مەن كەتتىم. ئۆلسەم ئۆمەر ھەييامنىڭ روبائىيلىرىنى ئوقۇڭلار...

— كەتتىڭمۇ توختى مەست؟

بۇلۇڭدىن شالى قۇيۇلۇپ كۆزى يۇمۇلۇپ قالغان بەرى شۇنداق دېدى.

— ھە... ھىم... سەن كىم؟ ئاناڭنى، ئوبدان بو-

رادەر. مېنى بىلمەيدىكەنسەن. سەن... سەن ھازىر ئوبدان
تەڭشىلىپسەن. مەندىنمۇ ئوبدان تەڭشىلىپسەن. مەن سەندەك
تەڭشەلمەيمەن. سەندەك تەڭشىلىپ قالسام خوتۇنۇم ماڭا باشقا
ھاراقنى ئىچۈرىدۇ. مەن تالادا ئوخلايمەن ياكى بوسۇغىدا...
توختى مەستىنىڭ قىزىرىپ، خۇنۇكلىشىپ ئۇيۇقۇسىرى-
غان كۆزلىرى تارتىشىپ، ئىشىك ئالدىدا شىرەنى چۆرى-
دەپ ئولتۇرۇشۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتقان مەستلەرگە قارىدى.
سېمىز بىرى يېنىچە بولۇۋېلىپ تىلەپ ئىچىدىغان بىر ھا-
راقكەشكە گەپ قىلىۋاتاتتى، قولىدا پۇچۇلۇپ كەتكەن پىيا-
لىدە يېرىم ھاراق بار ئىدى.
—خۇش بولاي غوجام، دېگىنە...
— خۇش بولاي غوجام، — ئەگىشىپلا دېدى ئەرۋاھ-
قا ئوخشىشىدىغان تىلەمچى ھاراقكەش تىترەپ ھەم ھىجى-
يىپ تۇرۇپ.
— ئاكا، دېگىنە.
— ئاكا.
— دادا، دېگىنە.
— دادا.
— ھا... ھا... ھا
— ھا... ھا... تۇتە، ئىچە... ياشا ... ئۆلمەي
مۇشۇنداق ياشا، ئۆمۈربويى تىلەپ ئىچ، يالۋۇرۇپ، بويۇن
قىسىپ تۇرۇپ ئىچ، سەندە ۋىجدان، غۇرۇر بولمىسۇن،
يانجىل، مىجىل، قۇرتتەك يۇمشاق، ئەۋرەز پاقىسىدەك شەر-
مەندە بولۇپ ياشا...
ئۇنىڭ سۆزىگە ھەممە مەستلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ
كەتتى. توختى مەستمۇ كۈلۈپ سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— ھە، دولقۇن يەنە ئىچەمسەن؟

شەپكىنى گەدىنىگە كىيىۋالغان يەنە بىرى سورىدى. دولقۇن ئەرۋاھتەك يەنە دىكىلداپ ھىجىيىپ كەلدى. ساقال باسقان سېرىق مەستىنىڭ يۈزى خۇشلۇقتىن چىبەرقۇتتەك قورۇلۇپ كەتتى ۋە يېرىم پىيالە ھاراقنى قولىغا ئالدى.

— ھەي!؟...

— خۇش تەقسىر.

— تەقسىرىڭنى قوي كاززاپ...

— ھا... ھا... ھا...

— ما ھاراقنى ئىچەمسەم؟

— بەرسىلە ئىچىمەن.

— ئاۋۇ خوجايىن خوتۇندىن پۇلغا ئالساڭ نەچچە پۇلغا ئالىسەن؟

ئەرۋاھ بوينىنى سوزۇپ پىيالىگە قارىدى.

— بەك قارا، چىنە.

— ھەق... ھەقىچان ئەللىك پۇڭغا ئالىمەن.

— پۇلۇڭ بارمۇ؟

ئۇ ھىجايدى، بوينى قىسىلىپ كەتتى.

— پۇلى يوق ئادەم پۇلى بارغا تەزىم قىلامدۇ - قىلمامدۇ؟

دولقۇن گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجايدى.

— گەپ قىلە! — گوندىپايدەك سەت ۋارقىرىدى قاراكىر ئادەم.

— ھەئە، تەزىم قىلىدۇ.! — ئۇ دىردىگىدە چۆچۈپ كۆزلىرى چىملداپ كەتتى.

— نان تىلەيدىغان تىلەمچىگە نان بەرسە دۇئا

قىلىدۇ. سەن هاراق تىلەيدىغان تىلەمچى بولغاندىكىن تەـ
زىم قىل، بولامدۇ؟
ــ قانچىنى تەزىم قىلىمەن؟
ــ بىر پۇڭغا بىرنى.
ــ ئە... ئەل... لىكىنى؟
ــ هاراق ئىچكۈدەك بارمۇ ياكى نەپسىڭ بېسىلىپ قالدىمۇ؟
ئەرۋاھ يەنە ھىجايدى.
ــ غاچ گەپ قىل، بولمىسا كۆتۈر قاسقىنىڭنى، ئۆزۈم ئىچىمەن. ئىسىل مەي، پۇراقلىق مەي، ئىشقى بار مەي.
ــ قىلاي، قىلاي، ئازراق تەزىم قىلاي.
ــ يوقال! ئۆزۈم ئىچىمەن. ئىچىدىغان ئىشىڭ بولسا بىرىنى كەم ئەمەس ئەللىكنى، بولمىسا يوقال.
دولقۇن ئەرۋاھنىڭ ئاغزىغا يېغىلغان سېرىق سۇ جاۋـ غىيىدىن ساقىدى.
ــ ماقۇل، مانا بىر، ئىككى...
ــ ھېساب ئەمەس، توختا. بۇنداق قىلساڭ ھېساب ئەمەس. كىنودا گادايىنىڭ پادىشاھقا تەزىم قىلغىنىنى كۆرـ گەنمۇ؟ مېنىڭ پۇلۇم بار. مەن ھازىر پادىشاھ، سەن گاداي، تىزلان، تىزلىنىپ تەزىم قىل.
ــ ماقۇل، مەن تىزلىناي.
دولقۇننىڭ دىردىيىپ چىققان كېكىردىكىدىن غۇرتۇلـ داپ ئاۋاز چىقتى. تەلمۈرۈشتىن پىلدىرلاپ قالغان كۆزلـ رى قېرى ئېشەكنىڭ كۆزىدەك مىسكىن ھەم ھېسسىياتسىز ئىدى. ئۇ تاقىقىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەزىم قىلىشقا باشـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سانغىلى تۇردى.
لمدى. قاراگىر تومپاي ئادەم
ـ ئۇچ... ئالتە... پېشانەڭ يەرگە تەگمىسە ھېساب
ئەمەس... سەككىز... توققۇز... ھە، ھەببەللى، ئون، ئون
بىر، ئون ئىككى ...ھا ...ھا ...ھا ...
مەستلەر تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلگىلى تۇردى.
ـ ئاپلا، بالدۇرراق مېنىڭ ئەقلىمگە كەلسىچۇ؟

ھا... ھا...
ئەمما توختى مەست شۈكلەپ قالدى. كۈلمەكچى بولـ
ۋېدى، كۈلەلمىدى، ئاسماندىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، پۇ-
تى ئاسمانغا، بېشى يەرگە بولۇپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ،
بېشى چىڭقىلىپ كەتتى.
ـ يوقال ... يوقىلىش، دوزاخنىڭ مىتلىرى...
ئۇ بۆرىدەك ئېتىلىپ كەلگىنىچە تەزىم قىلىۋاتقانىنىڭ
يۈزىگە بىرنى تەپتى. دولقۇن ئەرۋاھ «ۋاي ... جان» دەپ
تۆت قەدەم يەرگە دومىلاپ كەتتى. قاراگىر تومپاي ئادەم
ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى، بىر مۇشت ئۇنىڭ كۆتەكتەك گە-
دىنىگە تېگىپ ئۇڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى...
ـ يوقال، ھۇ خۇدانىڭ ئاسىيلىرى، ئادەم ئەمەس،
تۇڭگۇزلار ... سەن كىمنىڭ پادىشاھى ... سەن كىمنىڭ
تۇڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن.
گادىيى ... ھە ... ئالدىغا يەنە بىرى يۈگۈرۈپ كېلىـ
توختى مەستنىڭ
ۋىدى، ئۇنىڭغا بىر كاللا قويۇپ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتـ
تى. ئۇ غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ شىرە ئۈستىـ
دىكى بوتۇلكىلار بىلەن بىرىنىڭ بېشىغا سالدى، شىرەنى
بىر تېپىپ بىلەن ئۆرۈپ، تامنى بويلاپ قويۇندەك يۈگۈر-
گىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندەك ۋار-

قىراپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ يۈگۈردى. تىنىقى يېتىشمەي قاتتىق ھاسىراپ كەتتى. يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر توختى مەستكە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالدى.

— توختى مەستنىڭ مەستلىك چېكىدىن ئېشىپ، غالجىر بولۇپ قالدىمۇ - نېمە؟

— ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ.

ئۇ يۈگۈردى. توختىماي يۈگۈردى. ۋارقىراپ، يول، كوچا، ئادەم كۆپ يەر، ئاز يەر، يوق يەر، ھەممە يەردە يۈگۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ يىغلىشى ساراڭغا ئوخشىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما يۈگۈرۈشلىرى مەستكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دوپپىسى يولدا چۈشۈپ، بىر پاي ئايىغىنىڭ پاشنىسى ئاجراپ قالدى. يۈگۈرەلمەي قېلىۋىدى، ئايىغىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ پايپاق بىلەن يۈگۈردى...

دەريا... پاكلىق دەرياسى، ئانا دەريا، تۇمەن دەرياسى ... ھەممە قەرزىنى ئېقىتىپ كېتىدىغان دەريا. قەشقەردىن چىققان مەرەزلەرنى ئېقىتىپ بولالمىغان دەريا، ئېقىتىپ بولالماي قېرىپ كېتىۋاتقان دەريا.

تاپىنىدىن قان چىقىپ ئاسفالت يولدا قىزىل ئىزلار قالدى. ئۇ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. يەنە لەيلەپ چىقتى، يەنە زورۇقۇپ چۆمدى. يەنە لەيلىدى، چۆمدى ... غالجىرلىقى بېسىقىپ تىنىقى ئورنىغا چۈشتى. ئولتۇرغىنىغا لەيلىدى... كونا پېتىشقا تەمشەلگەن بولۇپ، قىزارغانىدى، سۇ يۈزى قىزىل رەڭدە لۆمشۈپ ئاقماقتا ئىدى. زەڭگەر ئاسماندا كەپتەرلەر ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. كۆكتە قاراگىر تومپاي ئادەم خىرىلداپ كۈلۈپ گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتكەن پىيالىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. ئۇ بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئىچە توختى مەست ... تىزلان ... تەزىم قىل ... مەن پادىشاھ پۇلۇم بار.

قول بارغانچە سوزۇلۇپ ھەرە چىشىدەك پىيالە ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا كەلدى.

— يوقال ... يوقال! بوغۇزلايمەن. ئاھ خۇدا! ئۇنى كۆزۈمگە كۆرسەتمە ... سەندىن تىلەي، ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن!...

توختى مەست سۇدا سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. يەنە غالجىرلىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— توۋا قىلدىم خۇدا ... توۋا ... مېنى ... گۇناھىمنى كەچۈر! ... ئۇلۇغ خۇدا ئۇنى كۆزۈمگە كۆرسەتمە. مەن ئۆلۈمەن ... جېنىمنى ئال!...

ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، يەنە بېشىنى چاڭگاللاپ سۇغا چۆمۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۇ بۇقسىدەك بوم ئاۋازى تۈمەن دەرياسى بويىنىڭ تىنچ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى.

1990 - يىلى 8 - ئاپرىل، لەنجۇ

## توغاچ

«جاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، سادىق بوۋاي هار-
ۋىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ بوينى قات-
تىق قىقىلىپ، كالپۇكى هارۋىنىڭ يان ياغىچىغا تېگىپ
كەتتى. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي تولغىنىپ كەتتى. ئېشەك هېچ
ئىش كۆرمىگەندەك هارۋىنى سۆرىگىنىچە بەخىرامان
كېتىپ باراتتى.

بوۋاي بۇ پالاكەتچىلىكنى ئېشەكتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا
بىر تاياق سالدى - دە، ئاندىن ئارقىسىغا قارىدى. هارۋى-
نىڭ ئوڭ چاقىنىڭ ئىزىدا چوڭ بىر پارچە خىش كۆرۈن-
دى. «ما ئىشنى كۆرۈڭ...» بوۋاينىڭ خىيالى ئۈزۈلمەي
تۇرۇپ، يول ياقىسىدىكى بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ، بايىقى
خىش پارچىسىنى ئېلىپ يول ياقىسىغا تاشلىۋەتتى ۋە بوۋاي-
غا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

«هۇ بۇلاڭچى شۇم، — دېدى بوۋاي ئىچىدە غۇدۇ-
راپ، — بۇلتۇر توغاچلىرىمنى ئەپقاچقان قارىمۇتۇق شۇم
سەن ئەمەسمۇ! يەنە ئىزا تارتماي ھىجايغىنىنى بۇ بازار
چاشقىنىنىڭ!...» ئۇ بالىغا غەزەپ بىلەن ھوماىدى - دە،
هارۋىسىدىكى ئۇزۇن سۆگەت چىۋىقىنى قولىغا ئالدى: «قې-
نى، توغاچقا قول ئۇزىتىپ كەلگىنە، تازا بىر سالاي!» ئۇ
ئالدىغا قارىغانچە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇردى.

ئۆتكەن يىل مۇشۇ كۈنلەردە، سادىق بوۋاي خۇددى

بۈگۈنكىدەك توغاچ ساتقىلى بازارغا كىرگەندە دەل ئۇشۇ يەردە بىر توپ باللار ئۇنىڭ ھارۋىسىغا ئولىشىۋالغانىدى. ئۇلار توغاچلارغا قاراپ ھەجىيىشىپ قوياتتى. بىر چاغدا قارىمۇتۇق بىر بالا:

— بوۋا، توغاچ موچەنگە قانچە؟ — دېگىنىچە سېۋەتكە قولىنى سېلىپلا بىراقلا بەش - ئالتە توغاچنى ئېلىپ قاچتى.

— ھوي شۇمتەك.

سادىق بوۋاي قېرىلىقىغا قارىماي، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، نەچچە قەدەم قوغلىدى ۋە قولىدىكى ھاسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ھاسا يول ياقىسىدىكى تېرەككە تېگىپ، تاراقلاپ يەرگە چۈشتى. بالا سادىق بوۋاينىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا ئون قەدەمچە يېنىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرغىنىچە، توغاچنى ماچىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى. جىلى بولغان بوۋاي ھارۋىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغۇچە قالغان باللار بىر سېۋەتتىكى توغاچنى يېرىملىتىپ قويغانىدى. بوۋاي ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا سېۋەت تەرەپكە يۈگۈردى. باللار كۈلۈشۈپ قېچىپ كېتىشتى، بوۋاي ساقال - بۇرۇتلىرىنى تىترەتكەن ھالدا:

— گېلىڭلارنى تېشىپ چىققاي ئىلاھىم! — دەپ قارغىۋەتتى.

شۇنىڭدىن بېرى ئۇ بازار باللىرىغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى...

ئارقا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى بوۋاينىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. «ھىم، كېلە، يېقىن كېلە، ئۆتكەن يىل سادىقنىڭ توغىچىنى تېتىغان ئىدىڭ، ئەمدى تايىقنى بىر تېتىپ باققىن ...» بوۋاي ئارقىسىغا «شارتتىدە» بۇرۇلدى - دە، قارىمۇتۇق بالىنىڭ يۈزىنى

چەنلەپ تۇرۇپ چىۋىق بىلەن بىرنى سالدى. بالا، «ۋاي-
جان!» دېگىنىچە سول قولى بىلەن يۈزىنى ئۆۋىلاپ چۆرگە-
لەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا تۇتقان ھەلەنگەن ئۈچ
توغاچ تۇراتتى. بوۋاي چىۋىقنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

بالا يۈزىنى سىيلىغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ
بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بو — بوۋا، ماۋۇ ئۈچ توغىچىڭىز چۈشۈپ قاپتى-
كەن... بۆلتۈر توغىچىڭىزنى ئەپقاچقانىدىم...

ھودۇقۇش ۋە ئاغرىق دەردىدىن بولسا كېرەك، بالى-
نىڭ سۆزلىرى بىر - بىرىگە باغلاشمايتتى. ئۇ توغاچلارنى
بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە، سول قولى بىلەن يۈز-
نى ئۆۋۈلىغىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

بالىغا ئۇۋال قىلغانلىقىنى بىلگەن بوۋاي، قاتتىق
خىجالەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى:

— ھوي، ھوي بالام، توختا، كىمنىڭ بالىسى سەن؟

بۇ چاغدا قارىمۇتۇق بالا دوقمۇشتىن قايرىلىپ
كۆزدىن غايىب بولغانىدى. بوۋاي ساقىلىنى سىقىمدىغىنىچە
بېشىنى چايقاپ ئۆزىگە كايىدى:

— ھەي سادىق، كىچىككىنە بالىنى ياغلىق قاپاق
بىلىپ، تاياق سالغىنىڭنى قارا، ساڭا ياخشىلىق قىلماقچى
ئىكەنغۇ ئەنە!

# تۇتەك ئارىسىدىكى ئاي

## 1

ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ سىرلانمىغان، سىڭايان، تۆمۈر چىۋىقلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ناھايىتى تەستە كېلىدۇ. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقىدۇ. گويا ئوغرىلىق قىلىپ ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك، ھەممە خەق ئۆز ئىشى بىلەن بولماي كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆزىگە تىكىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. پۇشايمان، ھەسرەت، ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ بۇ دەرۋازىدىن ئاشۇ بازارغا، ساناقسىز ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرىغا تولغان بازارغا شۇنچە خاتىرجەم، خۇش خۇي كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەملەر قانداق ئادەملەردۇر، مېنىڭمۇ مۇشۇ بازارغا ئاشۇ ئادەملەردەك خاتىرجەم كىرىپ - چىققان چاغلىرىم قانداق چاغلار بولغىيتتى، قايسى ئاي، قايسى كۈنلۈكتە بۇ ئىپلاس مەرەزنى يولۇقتۇرغاندىمەن؟ مۇشۇنداق ئازابلىق قالارىمنى بىلگەن بولسام... ئاھ... مەن ھەقىقەتەن ئەقىلسىز كەنمەن. كىچىكىمدە دادام: ‹كاللاڭ تازا دىڭگەندەك ئىشلىمەيدۇ، چىراي بولغان بىلەن ئەقىل بولمىسا بىكار›، دەيتتى. راست مەن بەك ئەقىلسىز ئىكەنمەن. مەن نېمىشقىمۇ مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالدىم؟ ئانام دائىم ھەسرەتلىنىپ: ‹كىچىكىمدە بىزنىڭ مەھەللىدە مەينىساخان ئىسىملىك بىر ئاچپاقا خوتۇن بول-

دىغان، نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلمايدىغان شۇ خوتۇنىدىن
كۆلۈپتىكەنمەنمۇ دەيمەن. بۇ جاھان بىر كىمنى پەس كۆ-
رىدىغان، كۆلىدىغان جاھان ئەمەسكەن، بىرەر كىمنى مەس-
خىرە قىلىپ كۈلسەك، بىردەمدىلا خۇدايىم ساڭا كۆرسىتى-
دىكەن، ئۆزۈم يېمىسەممۇ، كىيمىسەممۇ، ھەممە نېمىنى كۆ-
زى تويسۇن دەپ خەقتىن ئاشۇرۇپ قىلسام قىلدىمكى،
ھەرگىز كەم قويمىدىم، شۇنداق بولسىمۇ بۇ شېرىنزادە
نېمانداق چولدۇ، نېمانداق كۆزى ئاچتۇ؟ ئالدىدىن ئېشىپ-
تېشىپ تۇرسىمۇ يەنە شۇ خەقنىڭ قولىدىكىگە قاراپ باقى-
دۇ. ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، سەن خۇددى ئاشۇ مەينى-
ساخانىنىڭ ئۆزى. مەندىن كېيىن قالساڭ قول ئىلكىدە بار
ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭمۇ بىر سىرە بولار، ئەمما
بىر يېپىنى تارتسا، ئۇن يېپى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بىر
نېمىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭزە، قانداق قىلارسەن؟ مۇ-
شۇ كۆزۈڭنىڭ ئاچلىقى سېنى ھەر بالاغا سالسا سالىدۇ.
خۇدايىم كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بېرەر — چوڭ بولغۇچە ئەق-
لىڭگە كېلىپ قالارسەن، چىرايىنى ئايىماي بەرگەن خۇدايىم
ئىنساپ، پەزىلەتنى ئايىماس...» دەيدىغان» دېگەن خىيال-
لار قەلبىنى مۇجۇپ ئۆتتى. ئويلىغانسېرى خۇددى ئەسنە-
ۋاتقاندا بىر چىۋىن ئۇچۇپ ئاغزىدىن كىرىپ كېتىپ، كې-
لىدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك كۆڭلى شۇنداق بىسەرەمجان بو-
لۇپ كەتتى.

چىرايلىق، ھەتتا ئۆزىدىن چىرايلىق ئاياللار، ياش
قىز-چوكانلار رەڭگارەڭ كىيىنىپ، ۋېلىسىپىتلىرىگە ئېسىۋال-
غان سومكىلىرىغا ھەر خىل سەي-كۆكتاتلار، گۆشلەرنى
قاچىلاپ ئۆيلىرىگە ئالدىراپ كېتىشىۋاتىدۇ. ئۇلار باللىرى،

www.uyghurkitap.com

خىزمەتتىن چارچاپ كەلگەن ئېرى ئۈچۈن ئالدىراپ
تاماق راسلاپ، چۈشتىن كېيىن يەنە خىزمەتلىرىگە ماڭىدۇ.
تۇرمۇش جىددىي، قورساق توق، كۆڭۈل توق. بۇنىڭدىن
ئارتۇق بەختنى تېپىش بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى
ئاددىي خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئاسان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئار-
تۇق كىرىمىمۇ، ھوقۇقى بارلاردەك تەرەپ - تەرەپتىن كې-
لىپ تۇرىدىغان لازىمەتلىكلىرىمۇ يوق. ئاددىي خىزمەتچى-
لەر بىر سىنتىلاپ پۇل يىغىپ نەچچە ئايدا، نەچچە يىلدا
ئاران ئالالايدىغان، ئاران ئۇلىشىدىغان چوڭ - چوڭ
نەرسىلەر ھوقۇقى بارلارغا كۈندە بولمىسىمۇ، ھەپتە ئون
كۈندە بىكارغىلا ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئاددىي
خىزمەتچىلەردە سۇدەك خەجلەيدىغان پۇلمۇ، ئالىي دەرىجى-
لىك ئۆي بىساتلىرىمۇ تولۇق بولمايدۇ. ئاددىي خىزمەتچى-
لەرنىڭ تۇرمۇشى ئۇدۇمىيۇزلۇك ئوخشاش. ھۆكۈمەتتىن ئال-
دىغان مائاش يېقىندىن بېرى كۆپەيگەن بىلەن مال باھا-
سى نەچچە ھەسسە ئۆستى. ھەممە ئائىلىدە مائاش ئەڭ
تېجەشلىك خەجلەنسە، خۇددى شىلدىرلاپ ئاققان كىچىككىنە
ئېرىق سۈيىدەك ئاي ئاخىرىغىچە ئاران يېتىدۇ. ھەتتا بە-
زى ئائىلىلەردە كېيىنكى ئاينىڭ مائاشى ئالدىنقى ئايدا
خەجلىنىپ تۈگەيدۇ - دە، مائاشنى ئالا - ئالمايلا قەرزگە
كېتىدۇ. كېيىنكى ئاي يەنە قەرزدارچىلىق بىلەن ئۆتىدۇ.
ئاددىي خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى نەگە كېتىدۇ؟ ئەلۋەتتە
تۇرمۇشقا كېتىدۇ. بىر ۋاق تاماق ئۈچۈن كېتىدىغان ئوت-
ياش بىلەن گۆش پۇلىلا مائاشنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرىدۇ.
ھەر ئايدا بولىدىغان خىزمەتداشلار، دوستلار، تۇغقانلار
ئارىسىدىكى توي، نەزىر - چىراغ، ئۆي مۇبارەكلەش دەي-

دىغان رەسمىيەتلەر، ئاندىن كېيىن ھەر بىر ئادەم قېچىپ
قۇتۇلۇشى مۇمكىن بولمىغان ئاغرىق - سىلاقلار ئۈچۈن
كېتىدۇ. بىرەر - يېرىم يىلدا نۆۋەت بىلەن كىيىدىغان
كىيىم - كېچەك، ھېيت - بايراملىقلار ساناقلىق مائاشنى
قۇم سۈنى شۈمۈرگەندەك شۈمۈرۈۋېتىدۇ. بىر ئايدا بىر
ئىدارىدا ياكى ئۇرۇق تۇغقانلار، دوستلار ئارىسىدا بىر
توي، بىر نەزىر ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتىن بىرى
ئارتۇق بولدىمۇ، بولدى، مائاشنىڭ پۈتۈن خەجلىنىش پىلا-
نىنى بۇزۇۋېتىدۇ، شۇ ئاي كۈن ساناش، بىر - بىرىدىن
ئازراقتىن پۇل ئۆتنە ئېلىش ئىچىدە لېۋىنى يالاش بىلەن
ئۆتىدۇ.

قوشۇمچە كىرىمى بار خىزمەتچى، ئەمەلدار، سودى-
گەردىن باشقا ئاددىي خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇر-
مۇشى ئاشۇنداق ئۆتىدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى شۇنچىلىك پى-
لانلىق، ئىنچىكە ھېساباتلىق بولۇشقا ئۆگەتكەنكى، ئۇلار-
نىڭ پۇل خەجلىشى پۇلدار ئادەملەردە ئىچ ئاغرىتىش،
ئىچىدە كۈلۈشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بىر ئايدا ئويلىمىغان،
ھېسابات قىلىنمىغان، پىلاندا يوق مېھمان كېلىش ياكى
تۈگىمەس، تەڭسىز قائىدە - يوسۇنلاردىن بىرى بولۇپ قالسا،
بۇ ئائىلىنى شۇنچىلىك تولغاشتۇرۇۋېتىدۇكى، بىر نەچچە
ئايغىچە ئاشۇ قائىدە - يوسۇننىڭ سورىنى تارتىدىغان گەپ.
ئۇلار گۆش ئالسا قاسساپلار ئىچىدە زاڭلىق قىلىدۇ، چۈن-
كى شۇنچە سۆلەتلىك ئاياللار، سالاپەتلىك ئەرلەر ئۈچۈن
كېسىدىغىنى قۇچقاچتەك، پاختەكتەك گۆش. ئوتياشچىلار
قاقشايدۇ، چۈنكى ئۇلار جىڭنىڭ چوكىسىنى بىر ھازا
ئېگىز - پەس قىلىپ، ھەممە ئوتياشلىرىنى ئۆرۈپ - چۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

روپ ئالدىغىنى كىچىككىنە نەرسە. ئۇلار ھەر بىر سىنت ئۈستىدە قىرىق قېتىم ھېساب قىلىدۇ. تېخى ئۇلار ئوتياشچى، قاسساپلار بىلەن چۈپقەت بولۇۋېلىشقا ئامراق، چۈنكى نېسىگە ئېلىپ ئاي توشقاندا بەرمەكچى بولۇشىدۇ. پۇلنى نېسى قىلغىلى بولغان بىلەن قورساق نېسىگە ئۇنىمايدۇ. تۇرمۇش ئۇلارغا مانا شۇنداق ئۆگەتكەن.

## 2

شېرىنزادىمۇ بىز كېپىنى قىلغان ئاشۇ نۇرغۇن ئاددىي خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى بىر گۈزەل جۇۋان. تۇرمۇش ئاشۇنداق سىقىپ يالاش ئىچىدە ئۆتىسىمۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى سىپايە، چىرايلىق، رەڭلىك كىيىنىدۇ. شۇڭا سىرتىدىن قارىغاندا ھېچكىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى غورىگىل ھېسابلىمايدۇ.

شېرىنزادە گۈزەل چوكان، ئۇ بۇ يىل ئارتۇق ھېسابلىساق يىگىرمە ئالتە ياشلاردا بولۇشى مۇمكىن. ئۆزى دوختۇرخانىدا سېسترالىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى تەلەيلىكلەردىن بىرى دېيىش كېرەك. چۈنكى ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى ئىچىدە دۆلەت ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ يىل سېسترالىق مەكتەپىدە ئوقۇپ، ھۆكۈمەت شتاتىدىكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغان ئاز ساندىكى پېشانىسى ئوچۇقلارنىڭ بىرى. توي قىلغىلى ئىككى يىل بولدى. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلدى.

بىر مۇنچە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى پۇ-

شايمان، ھەسرەت بىلەن تولغان. چۈنكى مانا مەن دېگەن ئوبدان يىگىتلەرمۇ شۇنچە گۈلدەك قىزلار ئىچىدە قۇچقاچ-تەك ئەگىپ يۈرۈپ بىر چاغلاردا قارا باسقاندەك ئۆز نە-زەرىدە يوق بىر قىزغا ئۇچراپ قېلىپ توي قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى ئۆزىگە لايىق كۆرەەي شاپاشلاپ بېقىپ ئاخىر يەنە تەقدىرگە تەن بېرىدۇ. ئەمما ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان گۈزەللەر نەدە بىر قالالاشمىغان يىگىتلەرنىڭ پېشىدە سۆرۈ-لۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسە چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆكۈپ داد-لىنىپ كېتىدۇ، زارلىنىدۇ، ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىدۇ. «چوكانلار پۇل، مال - دۇنيا غېمىدە، ياشلار ئويۇن-تاماشا، ھاراق ئىچىشتە، ئەمدى قالغان ئىشلار نېمە بو-لار...» دېگەن بەزى كۆزى ئوچۇق ئادەملەرنىڭ ئەلەملىك نىزالىرى مۇشۇ سەۋەبتىن بولۇشى مۇمكىن.

شېرىنزادە ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى. ئوقۇش پۈتتۈ-رۈپ يېرىم يىلغا قالماي ئائىلىدىكىلەرنىڭ پۈتۈشۈشى ئار-قىلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلدى. ئېرى ئالىيار ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ. بوي تۇرقىمۇ كېلىشكەن، قاش - كۆزلىرىمۇ، گەپ - سۆزلىرىمۇ جايىدا يىگىت. ئىككىسى خۇددى بۇرۇندىن مۇھەببەتلىشىپ بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغاندەك سۆزلەيدىغىنى، ياقتۇرىدى-غان - ياقتۇرمايدىغىنى ئوخشاش چىقىپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

شېرىنزادە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مۇھەببەت باغلاپ بېقىپ، يىگىتنىڭ ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق قويغان يۇقىرى تەلىپى، زورلۇق قىلىشىدىن جاق تويۇپ يىگىتلەر-دىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېلەلىگەنىدى. ئېرىمۇ داردا ئۇنىڭدىن ئاما

مىندە ئوقۇغاندا بىر قىز بىلەن يۈرۈپ باققان، ئەمما، ئۇ
قىز كېيىن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن مۇ-
ھەببەت باغلىمىغانىدى. شۇڭا بۇ ئىككىيلەن ئاسانلا چىقى-
شىپ قېلىشتى. مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوچۇق - يو-
رۇق دېيىشىپ، بىر - بىرىدىن رازى بولۇپ قېلىشتى.
ئۇلار مانا ھازىر بىر بالىغا ئاتا - ئانا بولۇش ئال-
دىدا. شۇ چاغقىچە ئۇلار ھەر ھالدا ئىناق ئۆتۈشتى. ئۇلار
چوڭ ئۆيدە يېرىم يىل تۇردى، شېرىنزادە قېيىن ئانىنىڭ
«قېيىن ئانا» لىق زۇلۇمىغا يېرىم يىل ئاران چىداپ تۇرا-
لىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىيارنىڭ سىڭىللىرى ئۇنىڭغا قېيىن
ئانىلىق قىلىپ ئاشۇرۇۋەتتى. يېرىم يىلغىچە ھەر قېتىم
كۆڭلى ئازار يېگەن چاغلاردا پەقەت كەچتە ئۇخلاش ئالدى-
دىكى خالىي چاغدىلا دەردىنى ئەلىيارغا تۆكۈپ بەردى. ئەلى-
يار بەزىدە خوتۇن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئايىغى چىقماس
ئۇششاق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىكىپ شېرىنزادىنى سىل-
كىۋەتتى. بەزىدە شېرىنزادىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇك دەپ
قوپاللىق بىلەن ھۆركىرەپ قويدى. بۇنداق چاغلاردا شېرىن-
زادە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ، ئەتىسى چۈشكىچە ئائىلىدە ھەم-
مە خاپىلىقنى ئەلىيار چىقارغاندەك ئۇنىڭغا ماي تارتىپ
يۈردى. ئەمما قېيىن ئانا ۋە قېيىن سىڭىللىرى بىلەن ھېچ
ئىش بولمىغاندەك «ۋاي سىلە، ئۆزلىرى» دېيىشىپ
ئۆتۈشتى.
شۇنداق، ئۇ ئەتىسى چۈشكىچىلا ئەلىيارغا ماي تارتىپ يۈرىدۇ.
چۈشتىن كېيىن بىرگە ئىشلىگەن جۇۋانلار ئەرلىرى توغ-
رىسىدا قىزغىن كۈلكە، چاقچاق بىلەن ھېكايە سۆزلەشكەندە

بىردىنلا ئېرىنى سېغىنىدۇ. ئۇمۇ تەگىتۈشلىرىنىڭ بىردەم ئېرى ئۈستىدە دادىلىغان بولۇپ داڭلاشلىرى، تىللىغان بولۇپ مەدھىيىلەشلىرىنى، ئاغرىنغان بولۇپ سېغىنىشلىرىنى ئاڭلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئېرىگە ئۇۋال قىلغانلىقىنى، چۈشتىن ئاۋۋال ماي تارتىپ ئېرىنىڭ يۈرىكىنى سىققانلىقىنى چۈ- شىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھازىر ئىزدەپ كېلىپ قالسا بىر باھا- نىلەر بىلەن خالىي ئىشخانىغا باشلاپ كىرىدۇ، قىستاپ كېلىۋاتقان ئىنتىلىشلىرىنى زورۇقۇپ تەستە بېسىپ تۇرۇپ، خۇمالىشىۋاتقان كۆزلىرىنى ناھايىتى تەستە ئالايتىدۇ. پىسىڭگىدە كۆلۈۋېتىشتىن ئاران ساقلىنىپ ئوماق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ: «قېلىن، ئىزا تارتماي كەلگىنىنى، ئاخشام ئەجەپ ھۆركىرەپ تىللاپ كېتىۋاتاتتىلىغۇ، ئەمدى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىلا؟» دەيدۇ. ئىلىيار ئايالىنىڭ بۇنداق خالىي چاغدىكى دومسىيىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. پەزىلەتلىك چوكانلار سېغىنىشلىرىنى مۇشۇنداق ئىپادىلەيدۇ. ئىلىيار دەرھال ئۇنى باغرىغا تارتىپ لەۋلىرىنى ئۇنىڭ ئاق خالات ئىچىدىن سوزۇلۇپ چىققان ئاق بو- يۇنلىرىغا باسىدۇ. شېرىنىزادە: «ۋاي، سەتلەشمىسىلە، ماۋۇ ئىشخانا، ھېلى بىرى كىرىپ قالسا سەت تۇرىدۇ. مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن. قويۇۋەتسىلە دەيمەن! ۋاي قېلىن، مەن ئۆلەي، ئەنە بىرى بۇ تەرەپكە كېلىۋا- تىدۇ. دەيمەن» دەپ ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسى ئىچىدە قار- چىغىنىڭ چاڭگىلىدىكى كەپتەردەك ئۇيان - بۇيان تولغى- نىدۇ. ئەمما يۈرىكىدە بولسا بۇنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارغانلىقىنى ئۈنسىز نامايىش قىلىدۇ. ئىلىيار ئېڭىكىدىكى يىڭنە ئۇچىدەك ساقاللىرىنى ئۇنىڭ مەرۋايىت ھەم

مېدالىئون چاقناپ تۇرغان بويىنى، سىلىق، يۇمران مەڭزى، سۇرمە تارتىلغان كۆزلىرى، موچىنىدا تېرىپ ئىنچىكلەشتۈرۈلگەن قاشلىرى، قىزارتىلغان پارقىراق لەۋلىرىگە شوخلۇق بىلەن سۈركەيدۇ. شېرىنزادە ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ سۈركىلىشىگە چىدىيالماي يالۋۇرۇشقا چۈشىدۇ: «ۋاي خۇش بولاي، بولدى قىلسىلا دەيمەن، ھۇ سەت بومبا ساقال ئوغرى... ۋاي ياق، بەك خۇش بولاي، ئوبدان جېنىم!...» دەيدۇ. ئىليار شۇ چاغدىلا توختاپ كۈلۈپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىنى «قانداق؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىدۇ. شېرىنزادە ئالتۇن ئۈزۈك چاقناپ تۇرغان كىچىك يۇمشاق قوللىرى بىلەن مەڭزىنى سىيلاپ: «ۋايجان، ۋايجان، ئەجەب تويدۇم، سەت ئوغرىنىڭ ساقىلى تىكەنگە ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ھەر ئىككىسى كۈلىدۇ. ئىليارمۇ ئېگىنىنى سىيلاپ قويۇپ: «سەت قېرىنىڭ گەپلىرىنى كۆر» دەيدۇ. ھەر ئىككىسى يەنە كۈلىدۇ. بۇ چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت يوشۇرۇنغان چاقچاقلار ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىگە چۈشكەن ئەندىشە - ئازابلارنى تارقىتىۋېتىپ، كۆڭۈللىرىنى يورۇتۇۋېتىدۇ. مانا بۇ ياش ئەر - خوتۇننىڭ مۇھەببىتى.

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلار كېپىنى بىر قىلىپ ئىليارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قانچە توسقىنىغا قارىماي بىر شەخسنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ چىقىۋالدى. چوڭ ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاتىغانلىرىنى ئەكىلىپ، ئۆيىنى خېلى قويالتىپ بەردى. كىچىك ئۆي جاھانغا باققاندا يامان ئەمەس بېزەلدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئەركىنلىككە چىققاندەك بولدى. چوڭ ئائىلىمدىكىدەك ئەر - خوتۇنچىلىقتىكى چوڭراق تىنىشلاردىن

ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز بولدى. بۇ يەردە ئۇلار بەخـ
رامان كۆلەيدۇ. قانداق گېپى بولسا قورۇنماي سۆزلـ
شەلەيدۇ. جاھاندا ئەركىنلىكتىن ئارتۇق لەززەت، نائىلاجـ
لىقتىن ئارتۇق ئازاب بولماس. لېكىن بۇنى بىزدە نۇرغۇن
نادان ئاق كۆڭۈل بەندىلەر ھېس قىلالمايدۇ. پەقەت
ئۇنىڭ قاتتىق - قۇرۇقلىرى ئۆز بېشىغا ئۇرۇنغاندا
يىغلاپ، قاقشاپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. مانا بۇنداق ئادەت
بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىگىچە ئورناپ
كەتكەن مەڭگۈ چىقماس دات، قان قېنىغا سىڭىپ كەتكەن
خۇي...

ئۇلار ئەركىنلىككە چىقىشتىيۇ، يېڭى ئۆينىڭ ھوردـ
سىدىن تۇتۇن چىقىرىشىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ تولغـ
نىپ كېتىشتى. بۇنى پەقەت ھالاللىق بىلەن ئۆي تۇتقان
ئادەملەرلا ھېس قىلالايدۇ. «يېڭى ئۆينى تۇتماق، بېشىڭغا
ئۇرۇلار مىڭ بىر پۇتاق». ئۇلارنى پۇتاق ئىلىشۋالدى. بىر
پۇتاقتىن قۇتۇلسا يەنە بىر پۇتاق ئىلىدۇ، چوڭ پۇتاقتىن
تەستە ئاجرىسا كىچىك پۇتاق ئىلىدۇ.

توي قىلغان قىزلار ئاتا - ئانىسىنىڭ تويىنى قىلىپ
قويغان ھەققىنى تۆلەپ، مائاشىنى ئاتا - ئانىسىغا سىنتى
بىلەن تاپشۇرىدۇ. مانا بۇ شەھەردىكى غەيرىي رەسمىي
قائىدە. بۇ قائىدىنى توي قىلغان ھەر بىر قىز بۇرۇنلا
كۆڭلىگە پۈكۈپ ئەستايىدىل ئورۇندايدۇ. يىگىت ئەر
بولغىنى ئۈچۈن ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە بىر خوتۇن
دېگەننى گەپ يوق غىڭ - پىڭ قىلماي باقىدىغان گەپ.
خوتۇنىنىڭ مائاشىنى تەلەپ قىلىش ئەر ئۈچۈن نومۇس
ھېسابلىنىدۇ. توي قىلمىغان چاغدا بىر جېنىغا يەتكۈزەلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەيدىغان مائاش ئەمدى ئىككى ئادەمگە، يەنە تېخى
جابدۇقى پۇتمىگەن يېڭى ئۆيگە قانداق يېتىدۇ؟ مانا
مۇشۇ ئىش توپەيلى نۇرغۇن يېڭى قۇرۇلغان بەختلىك ئائىلە-
لەر تۇزغاقتەك تۇزۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر مۇشۇ قائىدە
بويىچە بەختلىك ئائىلىنىڭ تۇزۇپ كېتىشىگە رازىكى،
بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ.
بۇنداق ئىش يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەر قانداق بىر ئائىلە
ئۈچۈن يېڭىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغان بىر سىناق.
بۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرىدىغانلار كۆپ بولغان بىلەن
بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئىلىيار كىچىكىدىن تارتىپ ئۆي تۇتماقنىڭ تەسلى-
كىنى ئاتا - ئانىسىدىن ئەمەس، ئۆي تۇتۇپ باققان
ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەق-
قىي مەنىسىنى مانا ئەمدى ئۆز بېشىغا كەلگەندە بىلدى. بىر
ئۆينى تۇتماق ئەجەب تەس ئىكەن. بۇ تېخى بولتۇر ئانىسىغا:
«بۇنى ئالساق بولمامدۇ.بۇنى ئالساق بولمامدۇ. پالانى بۇنى
ئاپتۇ، پۇستانى بۇنى ئاپتۇ» دەپ قولىدىن قاس چىقىرىپ
يۈرگەن سۆزلىگەنىدى. شۇ چاغدا ئانىسى ئۇلۇغ - كىچىك
تىنىپ: «ھەي.... بالام. بولسىغۇ ئالساق تازا بولاتتى.
سەن دادام بىلەن ئانام ئالمامدىغاندۇ، بىلمەمدىغاندۇ دەي-
دىغانسەن، بىزنىڭمۇ نى ئۇبدان نەرسىلەرنى ئالغۇمىز
بار، دەپ كەلسەم گەپ تولا. سىلەرمۇ ئۆي تۇتقاندا بىلى-
سىلەر بالام» دېگەنىدى. ئىلىيار ھەيدىسىگە ئۇرۇپ: كۆرەر-
سەن، مەن ئۆي تۇتۇپ قالساچۇ، سىلەرگە ئوخشاش لەڭ-
پۇڭدەك تىترەپ ئولتۇرماي، راۋرۇس خەجلەپ، خەقنىڭ
كۆزىدىن ئوت چىقىردۇەتكۈدەك ئۆي تۇتىمەن. ئاش

ئەتسەڭ كىچىككىنە گۆشنى تاس قالسەن قىرىمچە توغراپ يىلغا سوزغىلى، دەپ ئەركىلىگەنىدى. ئەمما كۆڭلىدە ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مانا ئەندى ئېشىنى قاشلاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. دادام بىر كىشىلىك مائاش بىلەن بىز توققۇز جاننى گۆلدەك بېقىپتىكەن. مەن بولسام بىر خوتۇن بىلەن ئۆزۈمنى باقالمايمىنا ...

يېڭى ئۆينىڭ بىر قازان ئېشىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن خېلى پۇل خەجلىنىدۇ. گۆشسىز تاماق ھەر ئىككىسىنىڭ كېلىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مائاشى ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى بىر كۈن بىر ئۆيدە، يەنە بىر كۈنى يەنە بىر ئۆيدە مېھمان بولۇپ «چوڭ ئۆينى يوقلاپ» بېرىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار ئاغىنىلىرىدىن، ئىدارىسىدىن پۇل قەرز ئالىدۇ. قەرز ئالغان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. ئۇياقتىن ئېلىپ بولغۇچە، بۇياقتىن تۈزۈپ كەتكەندەك تۈگەيدۇ. ئۇ ئامالسىز ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كىچىك چاغلىرىدىكىدەك ئەركىلەپ ئانىسىغا «پۇل» دېيەلمەسمۇ، كۆزىنى قىسىپ ئىشارەت بىلەن پۇل تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئانا تۈگۈنچىكى ئارىسىدىن پۇل چىقىرىپ ھەم دەپ مېھرىبانلىق بىلەن تەڭلەيدۇ. شۇئان ئۇلار خۇشاللىقىدىن: «ئانا، سىلىدەك ئوبدان ئانا جاھاندا يوق جۇمۇ» دەپ ئانىسىنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلايدۇ. ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ: «شەيتان، ئالدامچى، چوڭ قىلىپ ئۆيلەپ قويساق، يەنە كۈنۈڭنى ئالالمايسەن» دەيدۇ.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاينىڭ يىگىرمە بەش-

گە ئاران ئۇلىشالايدۇ. بۇ چاغدا پۇل سورىغۇدەك
يەرمۇ قالمايدۇ. ھېساب سوقسا مائاش بېرىشكە يەنە بىر
ھەپتە بار. ئۇ مائاشىنىڭ بېشىدىمۇ ئوت كۆيۈكلۈك، قەرز-
لىرىنى قايتۇرسا، ئاشقىنىنى رېزىنكىدەك سوزسا، ئانار
سىقاندەك سىقىپ سۈيىنى چىقارسا ئۇششاق خىراجەتكە
ئاران يېتىدۇ.

ئىدارىدا خېلى كۆپلەر يىغىلىپ قالسا مائاشىنىڭ
يەتمەسلىكىدىن قاقشايدۇ. بەزىلەر «بۇ مائاشىنىڭ نېمانداق
بەرىكىتى يوق؟» دېسە، بەزىلەر: «ھۆكۈمەت خەقتىن
باج ئالغان پۇلنى مائاش قىلىپ تارقىتىدىكەن. شۇڭا
بەرىكىتى يوقكەن» دېيىشىدۇ. كېيىن بۇنىمۇ يوققا چىقىرى-
دۇ. ئەليارنىڭ خىزمەتداشلىرى ئاشۇنداق دادلاپ يۈرۈپ
ھەر ئايدا بەش، ئون يۈەندىن بانكىدا قويالايدىكەن.
ئەليار: «ئۇلار قانداقچە بانكىدا پۇل قويالايدىغاندۇ» دەپ
ھەيران قالىدۇ.

ھېيت - بايرام كەلدى دېسە ئەليارنىڭ يۈرىكى
قارت قىلىپ قالىدۇ. شېرىنزادىگە ئاددىيغىنە ھېيتلىق
كىيىم قىلىپ بەرسىمۇ ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى يەتمەيدۇ.
ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىيىن ھالدا قالغاندا توي قىل-
مىغان چاغلاردىكى ئويۇن - تاماشا بىلەن كېچىنى تاڭغا
ئۇلايدىغان غەمسىز چاغلىرىنى، ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىكى
ھېيت - بايراملارنى ئويلاپ كېتىدۇ، توي قىلغىنىغا مىڭ
پۇشايمان قىلىدۇ. ئاشۇ گۈزەل چاغلارنىڭ ھەممىسىنى
مۇشۇ توي، مۇشۇ تىقىۋەرسە تولمايدىغان غايىبانە ئېغىزى
جىق ئۆي يەپ كەتتى. بۇلارنى ئويلىغاندا ئەليار ئاسمان-
دىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك روھى چۈشۈپ، ئۇلۇغ -

كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ، بەزىدە يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ، گاھىدا ئۆزىچە ئاچچىقلىنىپ جىلى بولۇپ يوقىلاڭ ئىشلارغا قايناپ شېرىنزادىنى ئەيىبلەيدۇ. شېرىنزادە ھەممىنى چۈشىنىدۇ. ئېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىملىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىشىنى بىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا تەسەللىي بېرەي دەپمۇ بېرەلمەيدۇ - دە، ئامالسىز جىممىدە ئولتۇرۇۋالىدۇ. بىر چاغلاردا: «جۈرسىلە، ئاپام چاقىرىپ قويغانتى، بىزنىڭكىگە بارايلى» دەيدۇ. ئىليار بۇ شېرىنزادىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. «سەن بېرىپ كەل، مەن رىشاتنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدىم» دەيدۇ. ئۇنىڭ پەقەت ھازىرلا بارماقچى بولۇۋاتقىنىمۇ چۈشىنىشلىك. ئۇ ئاشۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كۈن ئۆتكۈزمەكچى، ئۇ بولمىسا يەنە بىرىنى ئىزدەپ بارماقچى. كۈن مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەرگە ئىليارنىڭ ئىچى قاينايدۇ. دوستلىرى سورۇن تۈزگەندە پۇل چىقىرىپ ئۆلپەتچىلىك قىلالمىغىنى، ئەل قاتارى بولالمىغىنى ئۈچۈن نومۇس قىلىدۇ.

سورۇندا بەزىدە تۆكۈلۈپ، كۆڭلى سۇنۇق ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىدە بولۇشىغا ئىچىپ يىغلاپ كېتىدۇ. «نېمە بولدۇڭ ئىليار؟» دېگەن سوئالغا: «ئاغىنىلەر، دەردىمگە يېتەلمەيسىلەر، سورىماڭلار» دەپ ھېچنېمە دېمەي يىغلاپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئۇ: «بىر گېپىم بار ئاغىنىلەر، ماقۇل دەمسىلەر؟» دېدىيۇ، لەۋلىرى تىترەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا: «ھە، نېمە گېپىڭ بولسا دەۋەرمەسەن» دەپ مەدەت بېرىشتى. «ئاغىنىلەر، ھازىرغىچە نېمە گېپىمىز بولسا دېيىشىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ يەردە

باشقا ئادەم يوق، مەن شېرىنزادىنىنى قويىۋېتەي دەيمەن»
دەپلا ئىچى پىژ قىلغاندەك بولۇپ، لاسىدە ئولتۇرۇپ
قالدى. ماغدۇرسىزلىنىپ، ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەندەك
بولدى. ئاغىنىلىرى كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ: «نېمە بولدۇڭ،
ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ بىر ئوبدان تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟
جاھاندا قىز تولا بولغان بىلەن دىتىغا كەلگۈدەك خوتۇن
تاپماق ئاسانمۇ، خوتۇنۇڭنىڭ نەرى يامان، توي قىلماق
ئاسانمۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن پۇل تاپالايدۇ، توي قىلالايدۇ.
لېكىن خوتۇنىنىڭ دىتىغا كەلگۈدەكنى تاپماق ئاسان ئەمەس.
كۆزۈڭگە باشقا چىرايلىقتىن بىرى چېلىقتىمۇ يا؟...» دېيىش-
تى. ئۇ ھەممىگە بېشىنى چايقىدى. ھەممىسى ھەر تەرەپتىن
ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىشتى. ئارىدا بىرى: «خوتۇنۇڭ مائاشنى
ئەكەلمەي، پۇلۇڭ يېتىشمەي قالدىمۇ يا، شۇڭا قويىۋېتەي
داۋاتامسەن؟» دېۋىدى، ئىليار بېشىنى شاققىدە كۆتۈرۈپ،
ئاشۇ گەپنى قىلغان دوستىغا بىر ھازا قاراپ قالدى. ئۇ
ئىليار ئەڭ كۆپ پۇل سورايدىغان دوستى ئىدى. ئۇ ئىل-
يارنىڭ ئەھۋالىنى سېزىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئىليار ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن «بىر ئۆينى تۇتماق تەس كېلىۋاتامدۇ؟» دې-
گەن مەنىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى-
دىن نومۇس قىلىپ قالدى ــ دە:
ــ ياق، ياق. ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق گەپ يوق، ــ
دېدى.
يەنە بىر ئۆيلەنمىگەن ئاغىنىسى ئىليارغا بىر تال
پاپىرۇس تەڭلەپ:
ــ ماڭاۋەي، نەدە بىر گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن، ئىليار

دىگەن خوتۇندىن پەيشەنبىلىك تىلەيدىغان ئادەم ئەمەس. بىر خوتۇننى باقالمىسا ئۆزىنى ئىمىدەپ ئەردەپ يۈرىدۇ. مائاشـ نى تەمە قىلمىسمۇ ئەكىرىدۇ، بىر يىلدا ئەكىرمىسە، ئىككى يىلدا ئەكىرىدۇ، قاچان ئـەكىرگۈسى كـەلسە، شۇ چـاغـدا ئـەكىرىدۇ. بـالا بىر، ئىكـكى بولغاندا ھەرقانچە نائىنساپ خوتۇن بولسىمۇ يۈزى قىزىرار، ـــ دىدى.

3

ئىليار ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. كونا دوستلىرى ئازىـ يىپ، يېڭىدىن ھـاراق خۇمار دوستـلىرى ئـاۋۇپ قـالدى. ئـۇلار يېرىم كـېچىگىچە ھاراق دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ پارچە ھاراق ئىچىدۇ، شېرىنزادە گۇمان، ئەندىشە ئىچىدە چىراغنى ئۆچۈرمەي ئۆرە ئولتۇرىدۇ، ئازابلىنىـپ يىغلايدۇ. ئـۇنىڭ نىمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ قـالغانلىقىنى بىـلىدۇ. ئىليـار كەچلەردە ئالىتاغىل توۋلاپ كېلىپ ئۇخلايدۇ. بۇرۇن شېرىنزادە كەچـ لىك سىېنىـدا ئىشلىگەندە ئاپىرىپ ـ ئـەكىلـەتتـى. ھازىر كارى يوق، ئەمدى كەچلىك سىېنىدا ئىشلىگەندە ئۇنىڭغا كىچىك ئۇكىسى ھەمراھ بولىدىغان بولدى. تـۇرمۇش ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق بىر خىلدا داۋاملاشماقتـا ئىدى. شېـ رىنزادە يىغلىدى. ئىليـارنىڭ ھـالىغا، قـورسىقىدىكى ئاي كۈنى توشاي دەپ قالغان بالىسىنـىڭ ئـەھۋالىغا ئېچىنىپ غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە يىغلىدى.

بىر كۈنى كەچتە ئىليار تالاغا چىقماي غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ قـالدى. شېرىنزادە بـۇ ئـولتۇرۇشىنىڭ نېمىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئامالسىز، مۇشۇنداق ئۇلتۇرۇشقا مەجبۇر. شەھرىنىزادە يېنىدىكى پۇل قاپچۇقىنى بىر سىيلىدىيۇ، يۈرىكى جىغ قىلدى. خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان پۇلسىز قالغان قاپچۇقتا ئاپىسى چاپان ئېلىپ كىي دەپ بەرگەن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرى بار. ئۇنى ئېلىپ ئىليارغا بەرمەكچى بولدى. ئەمما شۇئان ئۇزۇندىن بېرى قازان ئېسىلمىغان ۋە تور باغلىغان ئوچاق، داتلاشقان قازان، توپا باسقان ئەمبەل يادىغا كەلدى. ئوخشىتىپ بىر ئاش ئەتمەكچى، قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئۆيىدە بىر ۋاق تاماق يېمەكچى بولدى، ئۇ سومكىنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى. ئىليار: «نەگە؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئۇ شۇنچىلىك چۈشكۈن ئىدىكى، قاراشلىرى ئاچ قالغان دەرمانسىز قېرى مۇشۈككە ئوخشايتتى. شەھرىنىزادە بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئېرىنگە بىر قاراپ ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ كەينىگە يېنىپ بېرىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئاغزىغا بېسىپ سۆيگۈسى كەلدىيۇ، دولقۇنلىغان ھېسسىياتى شۇ زامان پەسەيدى، «ئۇنىڭغا خۇش ياقمايدۇ» دېگەن خىيال ۋۇجۇدىنى مۇزلاتتى.

— تالاغا چىقىپ كەتمەي تۇرسىلا، بازاردىن گۆش، كۆكتات ئەكىرىپ ئاش ئېتمەن، — دېدى. ئىليار بېشىنى كۆتۈرۈپ قويدىيۇ، ئۈنسىز يەرگە قارىدى.

شەھرىنىزادە ئاۋۋال جازانىخور كۆكتاتچىلار بىلەن غودۇرۇشۇپ يۈرۈپ، مۇچ، شوخلا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاشۇ ئون كويلۇق پۇلنى پارچىلاپ ئالدى. ئاندىن قاساپنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاساپلارنىڭ ئالدى خېلى بېسىق ئىدى. كۆشنىڭ باھاسى ئۆسكەنسېرى قاساپلارنىڭ ھالىمۇ ئۆسۈپ

كەتكەنىدى. بۇرۇنقىدەك خېرىدارغا خوشامەت قىلىپ توۋلاپ مال ساتىدىغان ئىشلار ئاز ئىدى. شېرىنزادە قوي گۆشىگە ئۆچكە گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان ساختىپەز قاسساپلارغا نەپرەتلىنىپ، كانارلارغا بىر قۇر كۆز سالدى. قۇيرۇقلۇق بىر ياتا گۆش ئېسىقلىق كانار ئالدىغا كەلدى. يۇمىلاق ئاق يۈزىنى قارا ساقال باسقان ياش بىر قاسساپ پىچىقىنى ئېلىپ دەسسىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھاياسىز كۆزلىرى شېرىنزادىنىڭ نېپىز ئاق كۆڭلىكى ئىچىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە چۈشكەنىدى. شېرىنزادە بۇنداق قاراشلارغا كۈنىگە نەچچە قېتىملاپ يولۇقۇپ تۇرغاچقا پەرۋا قىلمىدى.

— كەلسىلە دوختۇر خېنىم، قانچە كىلو كېسەي؟ دېگەن يەرلىرىدىن كېسەمەن. ئادەم بارسا سىلە قاراپ قويمىغان بىلەن بىز سىلىگە...

شېرىنزادە قاسساپقا قاراپمۇ قويماي گۆشكە نەزەر سالدى.

— گۆشلىرى كونا ئەمەستۇ؟

— نېمە دەۋاتىلا خېنىم، ئەنە كۆرمىدىلىمۇ، ھورى چىقىپ تۇرەامدۇ. تېخى سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا چىقارغان گۆش، ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشى، ئىشەنمىسىلە مانا.

قاسساپ قۇيرۇققا چاپلىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈن پەيىنى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرسىتىپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى. شېرىنزادىنىڭ يۈزىگە قان تەپچىرەپ، يالت قىلىپ قاسساپقا ئالىيىپ قارىدى. «قىلىن ئوغرىنىڭ گەپلىرىنى» دېدى ئىچىدە.

— قانچىلىك كېسەي؟

— كىلوسى قانچە؟

— بازار نەرخى.

قاسساپ كۆزلىرىنى ئوغرى مۈشۈكتەك پارقىرىتىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدى. شېرىنزادە بېزار بولۇپ باشقا كانارلارغا قارىدى.

— خېنىم، مۇشۇنداق ئېسىل گۆش يارىماي، كونا ئۆچكە گۆشىنى كۆكۈللىرى تارتىۋاتامدۇ؟ مانا قايلىسىلا، تۇتقان يەر-لىرىنى كېسىپ بېرىدىمىزجۇمۇ. سىلىگە گۆش يارىتىپ بېرەلمىگەن جاننى... — دەپ توختاپ قالدى، ئۇ ئەسلىدە «ئۇنداق جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن» دېمەكچى ئىدى. راستتىنلا ئالماي كېتىپ قالسا ئوسال بولماي دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. — ماڭا قايلىسىلا، گېپىمگە چىسلە دەيمەن... ئاشۇ كونىراپ قالغان ئۆچكە گۆشنى ئېلىپ كېچىچە يوتقاننى زەدۋال قىلىپ تاڭغا تۇتۇپ، جۆيلۈپ چىقاي دەملا... مانا تۇتسىلا، دەيمەن...

— ھە كەسسىلە بىرجىڭ. سۆڭەك، ياغ بەرسىلە ئال-مايمەن جۇمۇ، — دېدى شېرىنزادە.

— ماڭا قايلىسىلا، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىلا، گەپنى جىڭ قىلىدىغان ئادەم جۇمۇ بىز، بىزگە ئىشەنسىلە دەيمەن.

— ۋاي يېغىنى كەسمىسىلە.

— ئاھاي، جىم تۇرسىلا، خېنىم، بۇنچىلىك يېغى بولمىسا گۆش گاللىرىغا چاپلىشىپ قالىدۇ...

— ۋاي، ئاۋۇ مۇشتەك سۆڭەكنى سالمىسىلا.

— خېنىم، سۆڭىكى بولمىسا قوي ئۆرە تۇرەمايدۇ.

— ئەمسە ئالمايمەن.

— مانا ئېلىۋەتتىم، بولدىمۇ، مانى سالساغۇ بولا.

— تال يېمەيمەن.

ئاخىر قاسساپ بىلەن خېلى قىزىرىشىپ جۇغدىيىشتى. ھىجىيىپلا تۇرىدىغان قاسساپنىڭ تەرى تۇرۇلگەنىدى. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى:

— يائاللا، سىلىدەك خېرىدارنى كۆرمەپتىكەنمەن. بەك گىجىڭكەنلا.

— مەنمۇ سىلىدەك قاسساپنى كۆرمەپتىكەنمەن. قاسساپنىڭغۇ ئۇبدىنى ئاز، تولا گەپ قىلماي پۇللىرىنى ئالسىلا.

شېرىنزادە سومكىسىغا قولىنى سېلىپلا پۇت - قولىنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. چىرايىدا قان قالمىدى. پۇل قاپچۇقى يوق ئىدى. ئەتراپقا قاراشتۇرۇپمۇ باقتى. پۇل كۈتۈپ تۇرغان قاسساپ يېڭى كەلگەن خېرىدارغا گۆش جىڭلاشقا باشلىدى. شېرىنزادە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا پۇل ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما قاپچۇق ھېچ يەردە يوق ئىدى. قاسساپ بايىقى خېرىدارنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى. شېرىنزادە تەرگە چۆمۈپ، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، ئىزادىن ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيۋاتاتتى. تەلەتىنى سۆرۈنلۈك قاپلىغان قاسساپنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. بۇ كۈلكە شېرىنزادىنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىگە بىركىمنىڭ بۇنداق قارىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاغزىدىن «ئۇستام گۆشنى ياندۇرۇپ بېرەي» دېگەن گەپنى چىقىراي دېدىيۇ، ئەمما گەپ قىلسىلا يىغلىۋېتىدىغانلىقىنى، شۇئان بازاردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارايدىغانلىقىنى ئويلاپ دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. قاسساپنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھەممىنى بىلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

شېرىنزادە قولىدىكى سومكىسىنى قاسساپقا تەڭلەي دەپ تۇرۇشىغا ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە خېرىدار كەلدى. ئۇلار قاسساپنىڭ چۆپقەتلىرى ئىكەن. بەزىلىرى شېرىنزادە تونۇيدىغان خېلى ئابرويلۇق ئادەملەر ئىدى. بۇ يەردە زىغىردەك ئارتۇق تۇرۇپ قېلىش ئادەمگە ھار كېلىدىغان ئىش. بولۇپمۇ مۇشۇنداق نەۋجۇۋانلار ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق. شېرىنزادە تونۇش كىشىلەر بىلەن ھودۇقۇش ئىچىدە سالاملاشتى. مۇمكىن بولسا بېلىق سۇغا چۆككەندەك ھازىرلا يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكۈسى كەلدى. قاسساپ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالدى.

— خېنىم، خاپا بولماي كېتىپ تۇرسىلا. ياندۇرغۇدەك پارچە پۇلۇم چىقمىدى. كېيىن بەرسەم.

شېرىنزادىنىڭ ئۇستىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇ قاسساپقا گەپ قىلمايلا كەينىگە يانغان بولسىمۇ، مىننەتدارلىقىنى ياشقا تولغان كۆزلىرى تېز، ئەمما شۇنچىلىك سۆيۈنۈش بىلەن ئىپادىلىدى.

ئەتىسى ئۇ كەچلىك سمېنىدا ئىشلىدى. ئۇ كېسەللەرگە ئەمدىلا ئوكۇلنى ئۇرۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا قاساپ لوككىدە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. شۇئان ئۇنىڭدا قورقۇش ھەم مىننەتدارلىق ھېسسىياتى قوزغالدى. قورقۇشى ئۇنىڭدا يەنىلا پۇل يوق. مىننەتدارلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇ قاسساپ بىلەن شۇنداقلا سۆزلەشسە، باشقىلار كۆرسە، ئاڭلىسا سۆز - چۆچەك بولمىسۇن دەپ تېزلا سالاملىشىپ ئۇنى ئىچكىرىدىكى بىكار ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. كىرىشىگىلا قاسساپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ كەتتى. شېرىنزادە ئۇنى ئۆزىدىن نېرى قىلغۇدەك

ھېچقانداق كۈچ يوقلۇقىنى سەزدى. دەسلەپ گويا ئەگىزلىرىنى ئىت يالاپ چۈش كۆرگەندەك بولدى. كېيىن ھېچنېمىنى سەزمىدى... ئۇ خۇدىنى بىلگەندە بارمىقىنى بىر نەرسىنىڭ قىسىۋاتقانلىقىنى بىلدى. بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى.

شېرىنزادە شۇنىڭدىن تارتىپ ۋۇجۇدىدىن خام گۆش بىلەن سېسىق تەرنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان قاسساپقا باغلىنىپ قالدى. ھەرقېتىم سەسكىنىش، ئازاب، كۆڭلى ئاينىش ئىچىدە ئۇنىڭ ھەممە قىلىقلىرىغا كۆزىنى يۇمۇپ چىداشقا مەجبۇر. ئۇ قاسساپنى كۆرسە روھى چۈشۈپ چىۋىن يېۋالغاندەك كۆڭلى قارا بولىدۇ. ئەمما ئىختىيارسىز ئۇنى سېغىنىپ قالىدىغان، ئۇنىڭ يەلىشىپ كېلىدىغان گەپلىرى يادىغا كېلىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئايىماي خەجلىنىدىغان پۇللار، مودا كىيىم، زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆزىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. «ئاپام ئېلىپ بەردى. ئاپام پۇل بەرگەن، گۆش ئالدىم. بۇ پۇلنى ئاپام بەرگەنىدى، يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا.» ئىلىيارغا بۇ گەپلەرنى قانداق يادىغا كېلىپ دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇلارنىڭ بەدىلىگە ئۇ ھېچ نەرسە سەرپ قىلمايدۇ. پەقەت خۇش تەبەسسۇمى، يېتىلىۋاتقان يۇمشاق كۆكسى، كۆزىنى يۇمۇپ ھەممىگە سۈكۈت قىلىشلار... بۇ ئىشلاردىن لەززەت ئالىدىغان يالغۇز ئۇلا ئەمەس. ئۆزىمۇ بار. قاسساپنىڭ يېقىشلىق تەرەپلىرىمۇ بار...

ئەمما چۈشكەن غىزانى يېگەندە كۆڭلىنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق ئۇنى دائىم ئازابلىماي قالمايدۇ. ئۆزىنى گويا چەكسىز تۇمان ئىچىدە قالغاندەك، بۇ تۇمان بارغانچە

قويۇقلىشىپ ئۇنى بېسىۋاتقاندەك، ئۆزى بىر قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولىدۇ. كۆڭلى قاسساپتىن بارغانچە سوۋۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن گۆش ئالىدىغان قىز - جۇۋانلار كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە «كۈيدۇم» دېگىنى ساختا بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ ماڭا ئوخشاش ئاشۇ قىز - جۇۋانلارنىڭ قانچىسىنى ئويىنتىپ يۈرىدىغاندۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېچىلىپ كۈلۈپ بېرىۋاتقان ئاي - پەرىلەر، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاستا - ئاستا چوقۇم مەندەك ئويلىماي قالمايسىلەر...

ئۇ دائىم ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىدۇ. ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ئاشۇنداق ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئالدىدا پەيدا بولغاندا ئۇ خىياللىرىنى كاللىسىنىڭ ھېچ يېرىدىن تاپالمايدۇ. شۇ زامان ئۆزىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانچىلىك ئاجىزلىق، موھتاجلىق، سېغىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ چاغدا بايىقى خىياللىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

4

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە ئۇ كىر يۇيۇۋېتىپ ئېرىنىڭ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان بىر خەتنى ئوقۇپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

«قەدىرلىك سىڭلىم گۈلنەزەر، مەن گەپنى ئوچۇق قىلاي، سىز بۇنداق خەتنى ھەرگىز يېزىپ يۈرمەڭ. سىز بىر قىز، مەن بولسام ئايالىم بار ئادەممەن. ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت باغلايدىغان ھەققىمىز يوق.

مېنىڭ ئايالىم سىزدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. بىر - بىرىمىزگە خىيانەت قىلىشماي كېلىۋاتىمىز. ئىككىمىز مۇھەببەت باغلىغان تەقدىردىمۇ مەن سىزگە ئايالىمغا كۆيگەندەك كۆيمەسلىكىم مۇمكىن. سىزمۇ ھازىر ھېسسىياتىڭىز كەينىگە كىرگەن بىلەن كېيىن ماڭا ئايالىم كۆيگەندەك كۆيمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى توي قىلغاندىن كېيىن بىلىپ قالىسىز. سىز چوقۇم بەختلىك بولىسىز. مەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق يىگىتكە ئۇچرايسىز. ئەنە شۇ چاغدا ماڭا كۆيگەنلىكىڭىزگە پۇشايمان قىلارسىز. گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئىككىنچى خەت يازماڭ. مېنىڭ ئايالىمغا بولغان مۇھەببىتىمنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلىيار

1987 - يىل 6 - ئىيول»

شېرىنزادىنىڭ كۆزىگە دائىم ئۆزىگە بەك تىكىلىپ قارايدىغان چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىماسى كەلدى، ئۇ بارلىق سېزىمىنى يوقاتتى. ئۇ خەتنى كۆكسىگە بېسىپ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى. ئەمما توختىتىۋېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دە ئىشلىمەكتە.

ئەختەم «زىمىن، قارا ئادەملىرىڭگە!»، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»غا ئوخشاش پوۋستلىرى بىلەن ئەدەبىيات قوشۇنىغا كىرىپ كەلدى ۋە كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئەختەم مول مېۋە بەرىۋاتقان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «قىيامەتتە قالغان سەھرا» ناملىق پوۋست - ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. بىز بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرىنى تاللاپ كىرگۈزدۇق.

ئەختەم ئۆمەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

责任编辑：买买提依明·西帕
封面设计：刘培勤
责任校对：海热尼沙·阿斯木

初　夜　（维吾尔文）
（短篇小说选）
艾合台木·吾马尔　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本　3印张　2插页
1992年5月第1版　1992年5月第1次印刷
印数：1—6,150

ISBN7—228—01949—0/I·656　定价：1.20元

3